ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

国家出版基金项目
NATIONAL PUBLICATION FOUNDATION



# جياۋ يۇلۇ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

# جياۋ يۈلۇ

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت ئارچىن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

焦裕禄：维吾尔文/殷允岭编著；牙生·赛依提译.
—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2012.5
(少年红色经典)
ISBN 978-7-228-15588-0

Ⅰ.①焦… Ⅱ.①殷… ②牙… Ⅲ.①儿童文学-革命故事-中国-当代-维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.①I287.5

中国版本图书馆CIP数据核字（2012）第119814号

**责任编辑** 托合提·吐尔迪
**责任校对** 古丽夏尔·尼格买提
**出版发行** 新疆人民出版社
**地　　址** 乌鲁木齐市解放南路348号
**电　　话** (0991)2827472
**邮政编码** 830001
**印　　刷** 新疆翼百丰印务有限公司
**经　　销** 新疆维吾尔自治区新华书店
**开　　本** 880×1230毫米 1/32
**印　　张** 5.75
**版　　次** 2012年6月第1版
**印　　次** 2012年6月第1次印刷
**印　　数** 1-3000
**定　　价** 14.00元

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ، يورۇقلۇققا قاراپ مېڭىش ...... 1

ناخشا ساداسى ئارقىلىق ئاممىنى قوزغاش ........................ 10

خۇاڭ لاۋسەننى پەم بىلەن يوقىتىش ............................ 17

كۆرەشچان ياشلىق ............................................... 28

يۇشىدە ئۆتكەن كۈنلەر ........................................ 34

لەنكاۋغا بارغان دەسلەپكى چاغلار ............................ 44

دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنى ئېنىق ئايرىش ... 53

قاردا كىيىم ـ كېچەك يەتكۈزۈش ............................... 65

ئاپەتتىن بۆسۈپ چىققان يول باشلىغۇچى ....................... 75

ئوبراز مەسىلىسى ............................................. 86

ھەرقانداق بىر جاننى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ .................. 94

يېشىللىققا باغلانغان ئۈمىد .................................. 99

باياۋاندىكى جەڭ ............................................. 112

شورتاڭلىقتىكى بۇغداي مايسىلىرى............................ 124

شىددەت بىلەن ئاققان ئۇلۇغ سۇ .............................. 132

لەنكاۋلىقلارنىڭ ئۈلگىسى .................................... 148

ئاخىرقى ئېلىشىش........................................... 159

«جياۋ يۇلۇ، سىز قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات» .................. 170

# ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ، يورۇقلۇققا قاراپ مېڭىش

1922 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە جياۋ يۈلۇ كۇڭزى، مىڭزىلار دۇنياغا كەلگەن شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ زىبو شەھىرى بوشەن ناھىيەسىگە قاراشلىق گۇشەن بازىرى بېيگو تاغلىق كەنتىدە دۇنياغا كەلدى.

گۇشەن بازىرى بېيگۇ تاغلىق كەنتى بوشەننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى سەككىز يۈز مېتىر كېلىدىغان يۆياڭ تېغىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلانغان جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. دېڭىز يۈزىدىن ئۈچ يۈز مېتىردەك ئېگىزلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان گۇشەن تېغىنىڭ مەنزىرىسى غەلىتە ھەم كۆركەم ئىدى.

جياۋ جەمەتى ئەسلىدە خېبېي زاۋچياڭلىق ئىدى. ئۇلار مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جاڭچيۇ يېزىسىغا كۆچۈپ كەلگەن، ئالتىنچى ئەجدادى كېيىنچە لەيۋۇ ناھىيەسىنىڭ جياۋجياگۇ يېزىسىغا، ئاندىن يەنە بېيگۇ تاغلىق كەنتىگە كۆچۈپ كېلىپ، شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالغان.

جياۋ ئائىلىسى ھويلىسىنىڭ دەرۋازىسى جەنۇبقا قارايتتى. ھويلىنىڭ كۆلىمى ئۈچ پۇڭ ئەتراپىدا ئىدى. جياۋ يۈلۇ دەرۋازىغا يانداپ سېلىنغان، تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ ئۈستىگە پاخال

www.uyghurkitap.com

يېيىتىلغان جەنۇب تەرەپتىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە تۇغۇلدى. ئۇ ئاتىسى جياۋ فاڭتيەن بىلەن ئانىسى لى شىڭيىڭنىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. خۇسۇسىي مەكتەپنىڭ بىر خەلپىتى ئۇنىڭغا دۆلەتمەن بولۇشتىن بېشارەت بېرىدىغان ئىسمىدىن بىرنى قويدى. كىچىك يۈلۇنىڭ زېرەك ئىكەنلىكى كىچىكىدىن تارتىپلا مەلۇم بولغانىدى: ئۇ قۇلىقى يۇمشاق، رايىش، ئۈمىدۋار، كۈلۈپلا تۇرىدىغان چېچەن بالا ئىدى.

ئانىسى لى شىڭيىڭ پەزىلەتلىك، ئىشچان ۋە ئۈمىدۋار ئايال ئىدى. گەرچە ئۇ ساۋاتسىز بولسىمۇ، يادلىۋالغان يېقىملىق مەكتەپ ناخشىسىنى ئىككى ئوغلىغا ئوقۇپ بېرەتتى:

دەرھال ئويغان، توخۇ چىللىدى،
تاڭلار ئېتىپ، جاھان يورۇدى.
تولۇق كىيىپ كىيىملىرىڭنى،
مارشقا دەسسەپ ئۆگەن مېڭىشنى.
مۇئەللىمىڭگە سالام قىلىسەن،
ساۋاقدىشىڭغا ھەم شۇنداق قىلىسەن.
....

بىر كۈنى كىچىك يۈلۇ گۈشەن تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە ياۋا كۆكتات كولاۋېتىپ، ئالدى تەرەپتىكى بىر ئۆيدە كىتاب ئوقۇۋاتقان باللارنىڭ ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ قىزىقسىنىپ دېرىزە تەكچىسىگە يامىشىپ ساۋاق ئېلىۋاتقان نۇرغۇن باللارنى كۆردى ـ دە، يىغلىغان پېتى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ھەمدە ئۆيدىكىلەرگە ئۆزىنىڭ ئوقۇش تەلىپىنى ئېيتتى.
بوۋىسى جياۋ نيەنلى بارلىق بىساتىنى سېتىپ بولسىمۇ بۇ

ئەقىللىك نەۋرىسىنى ئوقۇتۇش نىيىتىگە كەلدى. كىچىك يۇلۇ مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇدى. ھەرقايسى پەنلەردىكى نەتىجىسى ھەممىسىنىڭ ئالدىدا ئىدى. گۇشەن تېغى باغرىدا «كەنجىيا بۇلىقى» دەيدىغان بىر بۇلاق بار ئىدى، بۇلاقنىڭ كۆزى قازاننىڭ ئاغزىچىلىك كېلەتتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر ئەجدىھا شەرقىي دېڭىزدىن چىقىپ بۇلاق بېشىغا كەلگەنمىش، بۇلاق كۆزىدىن مۇزدەك بۇلاق سۇيى بۇلدۇقلاپ چىقىپ تاغ سىرتىدىكى تيەنجىن قولتۇقىغا قاراپ ئاققانمىش. شۇڭا، يۇلۇنىڭ «كەنجىيا بۇلىقى مەنزىرىسى» ناملىق رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ماقالىسى ئۇنىڭ ئەقىللىك ـ زېرەك بالا ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى. جياۋ يۇلۇ ئۇستازى، ساۋاقداشلىرى ۋە يۇرتداشلىرىنىڭ نەزەرىدە تالانتلىق ئوقۇغۇچى سانىلاتتى.

جياۋ يۇلۇ ئوقۇۋاتقان «بوشەن ناھىيەلىك ئالىي باشلانغۇچ مەكتەپ» «يالىپ مۇزىكا ئەترىتى» تەشكىللىگەنىدى، مۇزىكا ئەترىتىدە غېجەك، نەي، باربىت ۋە غەرب چالغۇلىرىدىن ھەربىي كاناي بىلەن ھەربىي دۇمباق بار ئىدى. پەزىلەتلىك ھەم ئەقىل ـ پاراسەتلىك، زېھنى ئۆتكۈر، تەق ـ تۇرقى كېلىشكەن ھەم تالانتى ئۇرغۇپ تۇرغان جياۋ يۇلۇ كاناي چېلىشنى، غېجەك تارتىشنى ئۆگىنىپ، ھەر تەرەپلىمە ماھارەت ئىگىلەپ كۆپچىلىكنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

شۇ چاغلار دەل جۇڭگو ئىنقىلابى ئەۋجگە چىققان، ئىنقىلابىي پىكىر ئېقىملىرى ۋە ئىنقىلابىي ئىدىيەلەر زىيالىيلار توپلانغان مەكتەپلەردە تارقىلىۋاتقان چاغلار ئىدى. ئوقۇتقۇچىلار ئارىسىدا ئوت يۈرەك ياشلار ئاز ئەمەس ئىدى. دەرس ئارىلىقلىرىدا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە «مۇلەن ھەقىقىدە باللادا»، «ۋولگا دەرياسىدىكى كېمىچىلەر ناخشىسى» قاتارلىق شېئىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ناخشىلار مەشىق قىلىناتتى.

بىراق، 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ بۇ نامرات يېزىدا ئۇدا تەبىئىي ئاپەت يۈز بەردى. جياۋ ئائىلىسى قۇرغاقچىلىق ۋە ھۆلچىلىك دەستىدىن نەچچە مو ئۇنۇمسىز يېرىدىن ئۇدا نەچچە يىل ھوسۇل ئالالمىدى. جياۋ يۈلۇنىڭ ئاتىسى جياۋ فاڭتيەن ئېغىر غەم ـ قايغۇغا چۆمدى، ئانىسى لى شىڭيىڭ كۆنلىرىنى كونا كىيىملەرنى ياماپ، ياۋا كۆكتات كولاپ، ئوتۇن تېرىپ قالاپ ئۆتكۈزىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن جياۋ يۈلۇ داۋاملىق ئوقۇيالمىدى.

1936 ـ يىلى 5 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بۇ ئەلاچى ئوقۇغۇچى ئوقۇشىنى تاشلاپ ئېتىزغا قايتتى. بۇ ئازابلىق تاللاشنى جياۋ يۈلۇ ئۆزى قارار قىلغانىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ غەمكىن كۆزلىرىنى، ئانىسىنىڭ يالغان كۈلكە يوگۇرگەن چىرايىنى كۆرۈپ، بوۋىسىنىڭ يۆتەلگەن چاغدىكى ئېچىنىشلىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىدى. جەسۇر ھەم قامەتلىك ئەزىمەتكە ئايلانغان جياۋ يۈلۇ ئائىلىسىدە قازاندا قورۇلغان پۇرچاقنى يانجىش تۇلۇقمدا ئېزىدىغان ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

بوۋىسى بىلەن ئاتىسى ئىتتىرگەن بىر چاقلىق ھارۋا ئەمدى جياۋ يۈلۇغا قالغانىدى. ئۇ ئاشۇ ھارۋىدا جوۋازخانىدىن چىققان ياغنى بوشەن ناھىيە بازىرىغا ئاپىرىپ، قايتىشىدا كۆمۈر قاچىلاپ كېلەتتى.

بىر نەشىدا ياغ بېسىپ، قايتىشىدا كۆمۈر قاچىلاپ قايتقان جياۋ يۈلۇ ئېغىر ھارۋىنى ئىتتىرگەن پېتى گۇشەن بىلەن بوشەن ئارىلىقىدىكى ئېگىز ـ پەس كاتاڭ يولدا سەنتۈرۈلۈپ كېتىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ قېچىرىنىڭ كۆزىگە تېگىلغان بىر پارچە لاتا بىلەن يانجىش تۇلۇقىغا قېتىلغان قېرى خېچىرىدىن

پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

بىراق، كېسەل تەگكەن شۇ قېچىر ئۆلگەندىن كېيىن جۇۋازخانىمۇ ئىشتىن توختىدى. جىياۋ يۇلۇ نائىلاج كىچىك كۆمۈركاندا «تىرىك كۆمۈلگەن يېرىم ئادەم»گە ئايلاندى.

كىچىك كۆمۈركانلار بوشەن تاغلىق رايونىنىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك تارقالغانىدى. جىياۋ يۇلۇ تار، ئۇزۇن كانغا ئۆمىلەپ كىرىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ كۆمۈر قازاتتى. قاپقارا كۆمۈر توزۇندىلىرى كانىيىغا ۋە ئۆپكىسىگە كىرىپ كېتەتتى.

كاندىكى ئىش بېشىلىرىنىڭ تىل - ھاقارىتى دەستىدە جىياۋ يۇلۇ ئون توققۇز قەۋەتلىك دوزاخنىڭ ئون سەككىزىنچى قەۋىتىنى تاللىدى ۋە ئۆزى بىلەن ئوبدان ئۆتۈۋاتقان ئىشداشلىرى بىلەن بىر چاقلىق ھارۋىدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ كۆمۈر توشۇدى.

ھاۋا ئۆزگەرسە يامغۇر ياغىدۇ، كېسەل چاپلاشسا جېنىڭنى ئالىدۇ دېگەندەك، جىياۋ يۇلۇنىڭ نامراتلىقتىن، جاپا - مۇشەققەت ۋە ھېرىپ - چارچاشتىن ماغدۇرىدىن كەتكەن ئاتىسى جىياۋ فاڭتىيەن تۇيۇقسىزلا دېمى سىقىلىدىغان، دەرمانسىز ھەم غەلىتە بولۇپ قالدى. جىياۋ جاۋجۇڭ ئىسىملىك بىر باينىڭ قەرز ئالغان ئون كۇمۇش تەڭگىنى سۇيلەپ كۆپ قېتىم كەلگەنلىكىنى پەقەت جىياۋ يۇلۇلا بىلەتتى. باشتا ئالغان قەرز ئىككى - ئۈچ تەڭگە ئىدى. ئۇ چاغدا جۇۋازخانا كۇندە مېڭىپ تۇرغاچقا، جىياۋ فاڭتىيەن ئازراق پۇرچاق سېتىۋېلىش ئۈچۈن قەرز ئالغانىدى. لېكىن، ئۇ كېسەل بولۇپ يىقىلدى، قېچىرمۇ ئۆلدى، تۇلۇقمۇ ئىشتىن توختىدى. شۇنىڭ بىلەن قەرز دومىلىغانسېرى يوغىنايدىغان قار پومزىكىدەك ئۆسۈمى بىلەن كۆپىيىپ ئون كۇمۇش تەڭگىگە چىقتى. ھاياتلىق يولى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلغان بىچارە دېھقان لىمغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىش يولىنى تاللىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جياڭ يۈلۈ تولا يىغلاپ ھوشىدىن كەتكەن ئانىسىغا ئۆزىنى ئېتىپ، يوقسۇل ئائىلىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى ھەققىدە يېنىش - يېنىشلاپ ۋەدە بەردى. ئوغلىنىڭ تەسەللىسى بىلەن يىغىسى بارغانسېرى ئەدەپ كېتىۋاتقان ئانا ئېسىنى تاپتى. ئەمدى ئۇ ئۆلۈۋالسا بولمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ياشانغان قېيىنئاتىسى، ئەزىمەتلەردەك چوڭ بولۇۋاتقان ئىككى ئوغلى بار ئىدى. شۇ مەزگىلدە چوڭ ئوغلى قەھەتچىلىك تۈپەيلىدىن يۇرتىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنىدى. مەرھۇم ئاتىسى ئالغان «قەرزنى قايتۇرۇش» مەجبۇرىيىتى جياڭ يۈلۈنىڭ زىممىسىگە چۈشتى.

بالا كەلسە ھەقىقەتەن قوشلاپ كېلىدىكەن. ئاتىسى يەرلىككە قويۇلىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى جياڭ يۈلۈنى تەرەپبال پەيدا بولغان ياپون ئەسكەرلىرى ئەسكەرلىككە تۇتۇۋالدى. ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ قوغلاشلىرىغا، ئاپشاركىلارنىڭ چىشلەپ تالاشلىرىغا قارىماي، كونا كىيىمىنى بىرىش ئۈچۈن ئوغلىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرگەن بىچارە ئانىنى بىر ياپون ئەسكىرى تېپىپ يىقىتىۋەتتى. جياڭ يۈلۈنىڭ ياشانغان بوۋىسى ياپون ئەسكەرلىرى باشلىقىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلاپ، نەۋرىسىنى قويۇۋېتىشنى ئېيتىپ يالۋۇردى. ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى بوۋاينى قىلىچىنىڭ كەينى بىلەن ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەتتى. غەزەپلەنگەن جياڭ يۈلۈ چىداپ تۇرالماي قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى، ياپون ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى قىلىچىنى ئۇنىڭ گېلىغا تىرىدى.

جياڭ يۈلۈ ۋە ئۇنىڭ يۇرتداشلىرى بوشەنگە يالاپ ئاپىرىلدى. ئۇلار تۈرمىدە يەتكۈچە ئازاب تارتتى. ئاغزىلىرىغا لازا سۈيى قۇيۇلدى، دۈمبىلىرىگە تاش باغلىنىپ تورۇسقا ئېسىلدى. كىچىككىنە تۈرمىنىڭ ھەممە يېرى پوق - سۈيدۈك ئىدى. جياڭ

يۇلۇنىڭ تۇرمىدىن قېچىپ كېتەلمىگەن تۇرمىدىشى پاجىئەلىك ئۆلتۇرۇلدى: ئىشتىكلىك مىلتىق تۇتقان ئون نەچچە ياپون ئەسكىرىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، جياۋ يۇلۇنىڭ تۇرمىدىشى نەچچە كۈن ئاچ قالغان ئايشاركىلارنىڭ تالىشىغا تاشلاپ بېرىلدى، ئايشاركىلارنىڭ بەزىلىرى تەندىن بىر پارچە گۆش ۋە بەزىلىرى بىر سۆڭەكنى چىشلەپ ئۇزۇۋالاتتى، ئاغزىلىرىدىن قان تېمىپ تۇراتتى...

ئاردىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ، بىر كۈنى يېرىم كېچىدە ياپون ئەسكەرلىرى بىلەن خائىنلار ئۇلارنى قوي پادىسىنى ھەيدىگەندەك ھەيدەپ ۋوگزالىغا ئاپىرىپ دىمىق بىر ۋاگونغا چىقىرىشتى. نەچچە كېچە ـ كۈندۈز ئۆتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي شىمالدىكى فۇشۇن ۋوگزالىغا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلىشتى. ياپونلار ئۇلارنى نەچچە توپقا ئايرىپ ئاپتوموبىللارغا سالدى ـ دە، ئاپىرىپ فۇشۇندىكى بىر كۆمۈر كانغا تاشلىدى. كان ئىشچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەتىگىچە ھايات قالىدىغان ـ قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەيتتى. ياپونلار كانچىلارنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاپ، كۆمۈر بىلەن كۆمۈۋېتەتتى. خائىن ئىش بېشىلار كانچىلارغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلاتتى، ئۇلارنى ئايشاركىلارغا تالىتاتتى...

فۇشۇن كۆمۈر كېنىدا كۈن نۇرى كۆرمەي ئۆتكەن ئۈچ يۈز كۈن جياۋ يۇلۇنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلىدى، مىللىي ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ كالىلىسىنى ئىشلىتىپ، ئىشقا سۇسلۇق قىلىش، ماشىنىلارنى بۇزۇۋېتىش، قەستەن ھادىسە چىقىرىش، خائىن ئىش بېشىلارنى جازالاش ئارقىلىق ياپون ئالۋاستىلىرى ۋە خائىنلار بىلەن ئېلىشىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىشكە باشلىدى...

www.uyghurkitap.com



جىياۋ يۈلۈنىڭ سەپداشلىرى بىر كۈنى جىياۋ يۈلۈنىڭ تەشكىللىشى ۋە پىلانلىشى بىلەن قىلىنغان ئەسكىلىكى قالدۇرغان ھەم قان قەرزگە بوغۇلغان بىر ئىش بېشىنى ئۈلتۈردى. جىياۋ يۈلۈ سەپداشلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن، جىنىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ قېچىپ كېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ مەيلى قېچىپ كېتەلىسۇن ياكى قېچىپ كېتەلمىسۇن، سەپداشلىرى جاۋابكارلىقنى ئۈنىڭغا ئارتىپ قويسا بولىدۇ، ئۇلار بولىدۇ بولۇۋېرەتتى. جىياۋ يۈلۈنىڭ تەلىيىگە ئۇ ياخشى نىيەتلىك بىر دەرۋازىۋەننىڭ ياردىمىدە يولۋاس ئاغزىدىن قېچىپ چىقتى.

جىياۋ يۈلۈ يۇرتىغا كېلىپ، چاچلىرى تامام ئاقىرىپ كەتكەن، ئورۇقلاپ جەينەكتەك بولۇپ قالغان ئانىسىنى كۆرۈپ، جىسمى، زېھنى ۋە جاسارىتى خوراپ چېكىگە يەتكەن ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى. ئۇ شۇ يىقىلغان پېتى ئۈچ كۈنگىچە قىزىتمىسى يانماي، ھوشىنى بىلمەي ياتتى. ئانىسى ئۇنىڭ پېشانىسىغا سۆيەتتى. جىياۋ يۈلۈ ئۆز - ئۆزىگە: «ئەمدى ئانامدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايمەن، ئانام مېنى ئۆيلەپ قويسا جىياۋ جەمەتىنىڭ چىرىغىنى داۋاملىق ياندۇرىمەن» دېدى.

لېكىن، جىياۋ يۈلۈ ھوشىغا كەلگەن كۈنى ئەتىگىنى شۇ كەنتلىك خائىن نوپۇس تەكشۈرۈشنى باھانە قىلىپ، جىياۋ يۈلۈنى «ئىتائەتمەن پۇقرالىق كىنىشكىسى»نى چىقىرىشقا قىستاپ تۇرۇۋالدى. ئۇ زامانلاردا «بەگدىن دورغا يامان» ئىدى. خائىنلار قاقتى - سوقتى قىلىپ پۇقرالارنىڭ يىلىكىنى شورايتتى. ئۆزىگە نەپ تەگمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خائىن تېنىنىڭ ئاچىزلىقىدىن تىترەپ تۇرغان جىياۋ يۈلۈنى باغلاپ بازارلىق قورچاق مەمۇرىيىتىگە ئاپىرىپ ئۈچ كۈن سولاپ قويدى.

جىياۋ يۈلۈ خائىننىڭ ئاتالمىش «تىنچلىق بىلەن دۆلەت

قۇتقۇزۇش ئارمىيەسى»گە قاتنىشىش تەلىپىگە يالغاندىن ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قويۇپ بېرىلدى. ئانىسى ئوغلىنى ئۆيلەپ مەھكەم باغلىۋېتىش، ئۇنى ئۆزىدىن بىر قەدەممۇ نېرى قىلماسلىق نىيىتىگە كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن جياۋ يۈلۇدىن ئىككى ياش چوڭ، كىچىك پۈتلۈق، ساۋاتسىز جىڭ فامىلىلىك بىر قىز جياۋ يۈلۇنىڭ خوتۇنى بولۇپ قالدى.

ھەر ۋاقىت ئەسكەرلىككە ياكى ھاشارغا تۇتۇلۇپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان جياۋ يۈلۇ خوتۇنىنى ئېلىپ يۇرتىدىن چىقىپ كەتتى. قەھەتچىلىك دەستىدىن سەرسان بولغان جياۋ يۈلۇنىڭ تۇنجى بالىسى «لىيەنشى» شۇجۇدا قىستا ـ قىستاڭدا ئۆلدى.

1945 ـ يىلى كۈز پەسلىدە ياپون ئالۋاستىلىرى تەسلىم بولدى! جياۋ يۈلۇ خوتۇنى بىلەن قىزى جياۋ شۇفېڭنى ئېلىپ، يول ئازابىغا قارىماي يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابى كۈرەشكە قاتناشتى. ئۇنىڭ ئىنقىلابتىكى ئىپادىسى ياخشى بولغاچقا، 1946 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرىپ، پىرولېتارىيات سىنىپىنىڭ ئىلغار ئەزاسىغا ئايلاندى.

جياۋ يۈلۇ ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن ھەقىقىي قۇتۇلۇپ يورۇقلۇققا قاراپ ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ناخشا ساداسى ئارقىلىق ئاممىنى قوزغاش

1947 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جياڭ يۈلۈننىڭ تەقدىرىدە يەنە بۇرۇلۇش بولدى: پارتىيەمىز ئازاد رايونلاردىن يەر ئىسلاھاتى تەجرىبىسى بار مۇنەۋۋەر كادىرلارنى ئاجرىتىپ، قوشۇن بىلەن بىللە جەنۇبقا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ زىممىسىگە ئازاد رايونلارنى مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشتەك ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەنگەنىدى. يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك جياڭ يۈلۈنى پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، دەپ قارىدى.

شەندۇڭ ئازاد رايونىدىن ئاجرىتىلغان بۇ بىر تۈركۈم كادىرلار قوشۇنى مىڭچە ئادەمدىن تەشكىل تاپقان، تولۇق قوراللانغان، ھەربىي ئىشتات بويىچە تۈزۈلگەنىدى. بۇ قوشۇن «خۇەيخەي چوڭ ئەترىتى» دەپ ئاتالدى. ئۈچ ئايلىق جىددىي يىغىپ تەربىيەلەشتىن كېيىن، قوشۇن جەنۇبقا يۈرۈپ كەتتى. ئىقتىدارلىقلارنى ئىشقا قويۇشنى بىلىدىغان قوشۇن باشلىقى جياڭ يۈلۈنى تەشۋىقات ئەترىتىگە باشلىق قىلدى، «قان ياشلىق قىساس» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئوپېرا ئوينالغاندا باش رولنى جياڭ يۈلۈغا بەردى.

1948 ـ يىلى يېڭى يىلدا بۇ قوشۇن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ

يەنلىڭ ناھىيەسىگە ۋاقىتلىق چۈشكۈن قىلىپ، يەرلىكتىكىلەر بىلەن بىللە باندىت تازىلاش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىگە قاتناشتى.

باندىت تازىلاش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەر ۋە مال ـ مۈلۈكلەرنى تەقسىملەش خىزمىتى دەسلەپتە دىگەندەك ياخشى يۈرۈشمىدى. ئۇ ۋاقىت باندىتلار تولۇق تازىلىنىپ بولمىغان، پومېشچىكلار يەنىلا قورال ـ ياراغ يوشۇرۇپ يۈرگەن چاغلار ئىدى. خىزمەت ئەترىتى پۈتكۈل مەملىكەت ئازاد بولغان ياخشى ۋەزىيەتنى تەشۋىق قىلىسا، ئەكسىيەتچىلەر جياڭ جيېشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قوزغايدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلاتتى. يوقسۇللۇقتىن ۋە جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقۇپ كەتكەن پۇقرالار يۈرەكسىز ئىدى. ئۇلار كۈندۈزى ئۆزىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن نەرسىلەرنى ئاخشىمى پومېشچىكلارغا ئاپىرىپ بېرەتتى، پومېشچىكلارنى بۇگۈنى كۆرەش قىلىسا، ئەتىسى ئۇلارنىڭ يېرىنى تېرىپ، ئەمگىكىنى قىلىشاتتى. خۇراپىي تۈس ئالغان پىتنە ـ ئىغۋالار تارقىلىپ يۈرەتتى.

شۇ سەۋەبتىن، خۇەيخەي چوڭ ئەترىتى «يەر ئىسلاھاتى خىزمىتى ئۆگىنىش كۇرسى» ئاچتى. كۇرستا جياۋ يۈلۇ لېكتور بولدى. ئۇنىڭ جانلىق چىراي ئىپادىسى، يېقىملىق ئاۋازى ھەم بىمالال قول ھەرىكىتى ئاجايىپ تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە ئىدى. جياۋ يۈلۇ نۇتقىنى سۆزلەپ بولغۇچە تۆۋەندىكىلەر جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى.

1948 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، جياۋ يۈلۇ خېنەن ـ ئەنخۇي سوۋېت رايونلۇق پارتكوم يەر ئىسلاھاتى خىزمەت ئۆمىكى بىلەن خېنەن ئۆلكىسىنىڭ يۈشى ناھىيەسىگە كەلدى. يۈشىدا جياۋ يۈلۇنىڭ گوشەن رايونىدىن، يەنلىڭ ناھىيەسىدىنمۇ مەشھۇر،

www.uyghurkitap.com

رىۋايەتتىنمۇ بەكرەك جەلپ قىلارلىق ھېكايىلىرى ئاياللار بىلەن باللارنىڭ ئارىسىدا ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى.

خىزمەت ئۆمىكى يوشىگە كەلگەندىن كېيىن ئالتە شۆبە خىزمەت ئەترىتىگە بۆلۈنۈپ، پۈتكۈل ناھىيە مىقياسىدا يەر ئىسلاھاتى ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. جياۋ يۈلۈ پېڭدىيەن رايونلۇق پارتكومنىڭ ھەيئەت ئەزالىقىغا، رايونلۇق ئەترەتنىڭ سىياسىي يېتەكچىلىكىگە تەيىنلەندى. جياۋ يۈلۈنىڭ شۆبە ئەترىتىدە يىگىرمىدەك ئادەم بار ئىدى. ئۇلار ھەم خىزمەت ئەترىتى، تەشۋىقات ئەترىتى، ھەم قوراللىق ئەترەت ئىدى. شۆبە ئەترەت باندىت تازىلاش ۋە زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، ھەم يەر ئىسلاھاتى ۋە يەر تەقسىملەش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى.

پېڭدىيەن ئىلگىرى يىرىلىق قورچاق مەھكىمە تۇرۇشلۇق جاي ھەم باندىتلار باشلىقى نىي لۈەننىڭ ئۇۋىسى ئىدى. باندىتلار: «كوممۇنىستىك پارتىيە مال ـ مۈلكىڭلار بىلەن خوتۇنلىرىڭلارنى ئورتاقلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلىۋېتىپ ئاندىن تىكىۋېتىدۇ. كىمدىكىم كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەگەشسە نىي ئاقساقال قايتىپ كېلىپ شۇنىڭ تېرىسىنى شىلىپ، جىگىرىنى سوغۇرۇۋېلىپ، ماي قايناۋاتقان قازانغا سېلىپ ئۈچ قېتىم قورۇيدۇ» دەپ پۇقرالارنى قورقۇتۇپ قويۇپ قېچىپ كەتكەنىدى.

جياۋ يۈلۈنىڭ مۇشۇنداق ناچار شارائىتتىكى خىزمەت ئەھۋالىنى شۇ چاغدىكى پېڭدىيەنلىكلەر ئەسلەپ «ئۈچنى قىلماسلىق»قا، يەنى «كۆلمەي تۇرۇپ گەپ قىلماسلىق، چوڭ ئانا، ئاكا، يەڭگە دېمەي تۇرۇپ گەپ قىلماسلىق، ئەمەلىي ئىش قىلماي تۇرۇپ گەپ قىلماسلىق»قا يىغىنچاقلىدى. سەككىز كىشىلىك خىزمەت ئەترىتىنىڭ باشلىقىنىڭ كىملىكىنى

ھېچكىم بىلمەيتتى. كېيىن كىشىلەر جياۋ يۇلۇنىڭ ئەترەت باشلىقى، سىياسىي يېتەكچى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ «ئەمەلدار» ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ئۇ كۆرەش قىلىشقا، ئۆگىنىشكە، چاقىرىق قىلىشقا ماھىر ئىدى. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلاتتى، ياردەم بېرەتتى. مەيلى چوڭلار ياكى بالىلار بولسۇن، مەيلى قېرىلار ياكى ئاياللار بولسۇن، جياۋ يۇلۇنى ياخشى دېمەيدىغان ئادەم يوق ئىدى.

كەچكى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا، ئۇ ئىنقىلابىي ھېكايىلەرنى، نامراتلارنىڭ پومېشچىكلارنى كۆرەش قىلغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ ئاممىنى يېتەكلەيتتى. ئاممىغا خەت ئۆگىتەتتى، ناخشا ـ قوشاق ئېيتىپ بېرەتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئېيتقان شەندۇڭ خەلق قوشىقىنى نۇرغۇن كىشىلەر ھازىرمۇ ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

قۇياش يورۇتتى بارچە ئىقلىمنى،
يوقسۇللاردا يوقتۇر ئەركىنلىك.
ئويلىسا ئادەم پەرىشان بولۇر!
بايلارنىڭ ئۆيلىرى نەچچە قەۋەتلىك،
يوقسۇللارنىڭ ۋەيرانە گەمە،
ئويلىسا ئادەم پەرىشان بولۇر!
ھەي، ھەي، ئادەم پەرىشان بولۇر!
بايلارنىڭ يېيىشى بېلىق بىلەن گۆش،
يوقسۇلنىڭ تامىقى تۇزسىز ھەم مايسىز،
ئاچلىقتىن چىرايى ساماندىن بەتتەر.
يەر ئىسلاھاتىدىن ئۈمىد تۇغۇلدۇ،
كۆرەشتىن ئەركىنلىك قولغا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



جياۋ يۇلۇ بىر قېتىم يىغىندا قوشاق ئېيتىۋېتىپ يىغلاپ كەتتى. پومىشچېكنىڭ قىستىشى بىلەن ئاتىسىنىڭ قانداق ئۆلۈۋالغانلىقى، يەڭگىسىنى ياپون قاراقچىلىرى قانداق قورقۇتۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى، ئوغلىنىڭ قىستا ـ قىستاڭدا قانداق ئۆلگەنلىكى، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ كاندا ئىشلىگەنلىكى، تۈرمىدە ياتقانلىقى، قەھەتچىلىك دەستىدىن سەرسان بولغانلىقى، كېيىن ئويغىنىپ ئىنقىلاب قىلىپ، ئاندىن بۈگۈنكى كۈنگە ئۇلاشقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يىغىندىكىلەر ئۆز تەقدىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆز يېشى قىلىشتى ۋە كوممۇنىستىك پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىش ئىرادىسىگە كەلدى.

باشقا بىر ئاممىۋى يىغىندا، جياۋ يۇلۇ «قان ياشلىق قىساس» ناملىق ئوپېرادىكى ئۆزىگە پىششىق، تونۇش بولغان ۋاڭ رېنخۇنىڭ ناخشىسىنى ئېيتتى:

ئىسمىم ۋاڭ رېنخۇ كۆزلىرىم ياشلىق،
شەپقەتچىلىرىم قۇلاق سېلىڭلار.
ئاچ ـ زېرىن ئۆتىدۇ كۈنلىرىم مېنىڭ
تەس كەلدى ماڭا جاننى ساقلىماق...
يۇرتۇم خېنەن ياخشى جاي ئىدى،
ئۇدا نەچچە يىل ئاپەت يۈز بەردى.
بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى گومىنداڭ.
پۇقرالار بىلەن كارى بولمىدى...
ئۇلارغا كېرىكى پۇل بىلەن بايلىق،
ئۇستىلەپ باج، ئۇستىلەپ سېلىق،
ئۇلارنىڭ قەستى پۇل بىلەن ئاشلىق،
بالا ۋە يەرنى ساتماي يوق ئىدى ئامال...

جاننى ئالىقانغا ئېلىپ ئىزدىدىم پاناھ،
يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ،
مىڭ ئۆلۈپ بىر تىرىلىپ
كەلدىم چېگرا رايونغا...

ئازاب ـ ئوقۇبەت، ئۆچمەنلىك بىلەن باشلانغان بۇ ناخشا «جاننى ئالىقانغا ئېلىش»، كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدە چېگرا رايون ھۆكۈمىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان يەر ئىسلاھاتى، باندىت ـ زومىگەرلەرنى جازالاش شوئارى بىلەن ئاياغلاشتى. كۆپچىلىك ناخشىدىكى داۋلىنى چۈشىنىپ، قەلبى ھاياجانغا چۆمدى.

جياۋ يۈلۈ قوشاق، دراما، ئەلنەغمە ئېيتىش ئارقىلىق ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلدى. دۈشمەنلەرمۇ ئوخشاش ئۇسۇلدا ئىنقىلابقا قارشى تۈردى. ئۇلار يالغاندىن كۆز يېشى قىلىپ، پۇقرالارغا نەچچە يۈز يىلنىڭ ئالدىدا ھەممىسىنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى، تۇپراق بېشىدا بىللە قەغەز كۆيدۈرىدىغانلىقىنى، ئەجدادلارنىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن يۈز ـ خاتىر قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىشتى. قايمۇقتۇرۇلغان ھەم ئازدۇرۇلغان بىر قىسىم كىشىلەر پومېشچىكلار بىلەن يۈزمۇيۈز كۆرەش قىلىشقا پېتىنالماي بەل قويۇۋەتتى.

بۇ ئەھۋالغا قارىتا جياۋ يۈلۈ پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ تەبىئىتىنى پاش قىلىدىغان قوشاق تەييارلاپ ئاممىغا ئۆگەتتى:

مىڭ فامىلە ئون مىڭ فامىلە،
دۇنيادا باردۇر ئىككىلا فامىلە،
بىرى بايدۇر، بىرى نامرات.
نامرات بار يەردە باي باردۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باي بار يەردە بار نامرات.
بىز نامراتلار ئىتتىپاقلىشىپ،
پومېشچىكلارنى قىلايلى بەربات.

جياۋ يۈلۇ «يەر قوغداش ئەترىتى»گە رەھبەرلىك قىلغاچ «مىلتىق ھەققىدە قوشاق» توقۇدى. بۇ قوشاقمۇ كەڭ تارقالدى:

مىلتىق دېمەك گۆھەر دېمەكتۇر،
ئىنقىلابتا كەم بولسا بولماس.
مىلتىقتىن تامغا قولغا ئۆتىدۇ،
باندىتلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.
مىلتىق دېمەك گۆھەر دېمەكتۇر،
مەھكەم تۇتماي بولمايدۇ ھەرگىز،
مىلتىققا تايىنىپ قەد كۆتۈرىمىز،
زومىگەرلەرنى قەتئىي يوقىتىمىز!

# خۇاڭ لاۋسەننى پەم بىلەن يوقىتىش

دايىڭ بازىرى تەۋەسىدە سېسىق نامى پۇر كەتكەن خۇاڭ لاۋسەن ئىسىملىك بىر باندىتلار باشلىقى بار ئىدى. جىنايىتى چېكىدىن ئاشقان بۇ باندىتلار باشلىقى شۇ چاغدا ناھىيەنىڭ قورچاق ھاكىمى ساۋ شىيى، باندىتلار باشلىقى لو گوچى، لياڭ جۇلار بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقانىدى. ساۋ شىيى شەرقىي خېنەن كوممۇنىستلارنى تازىلاش باش قوماندانى ئىدى. خۇاڭ لاۋسەن ئۇنىڭ يېقىنى ھەم دايىڭ بازىرىنىڭ قورچاق بازار باشلىقى ئىدى. قولىدا نەچچە يۈز قوراللىق باندىت بار ئىدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقانلار بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ ئەسكى ئىشلارنى قىلىپ، يېزىدا مۇتتەھەملىك قىلاتتى.

مۇبادا خۇاڭ لاۋسەننىڭ بىرەر ئائىلىنىڭ چىرايلىق قىزىغا كۆزى چۈشۈپ قالسا، شۇ قىزنى ئۈچ كۈنگىچە ئەكېلىپ بەرمىسە، شۇ ئائىلىنى پالاكەت باساتتى، بۇ پالاكەتتىن ھەتتا شۇ ئائىلىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ناۋادا خۇاڭ لاۋسەنگە بىرەر ئائىلىنىڭ ئېتىزى ياراپ قالغان بولسا، شۇ ئائىلە قارشىلىق بىلدۈرسە، ئۇ شۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سەكسەندىن ئارتۇق ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئادەم ئۆلتۈرگۈسى كەلسە ئۇنىڭغا باھانە ـ سەۋەب تېپىلىپ تۇراتتى. ھېرىپ كېتىپ ئېتىزلىقتا پۇت ـ قولىنى سۇنۇپ ئارام ئېلىپ ياتقان بىرەرسىگە يولۇقۇپ قالسا، ئۇنى تاپانچىسىنى چىقىرىپلا

ئېتىۋېتەتتى ۋە ھىجىيىپ قويۇپ:

— ئوبدان ئۇخلىغىن، — دەپ قويۇپ كېتىپ قالاتتى.

لى مىڭ ئىسىملىك بىر دېھقان بار ئىدى. خۇاڭ لاۋسەن ئۇنى ئىرىك پېتى كۆيدۈرۈۋەتكىلى تاس قالغانىدى. لى مىڭ كەنتنى تاشلاپ قېچىپ كەتتى. خۇاڭ لاۋسەن لى مىڭنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ لى ئائىلىسىگە باردى. لى مىڭنىڭ ئاتىسى يېرىنىڭ ھەممىسىنى خۇاڭ لاۋسەنگە بېرىۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنىلا لى مىڭنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچمىدى.

خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى دايىڭنى ئازاد قىلغاندا لى مىڭ قايتىپ كېلىپ خەلق ئەسكىرى بولدى. ئۇ قىساس ئېلىشنى، خۇاڭ لاۋسەننى ئىرىك تۇتۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ جىياۋ يۈلۇ بىلەن ئاكا - ئىنى بولۇشتى.

بىر كۈنى كەچتە لى مىڭ رازۋېدكا قىلىپ خۇاڭ لاۋسەننىڭ قول ئاستىدىكى بىر توپ باندىتنىڭ شەنچۈەن بۇتخانىسىدا ھاراق ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ جىياۋ يۈلۇنى ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋاتقانلىقىنى ئىگىلىدى. لى مىڭ بۇ خەۋەرنى جىياۋ يۈلۇغا دوكلات قىلدى. جىياۋ يۈلۇ دەرھال يىگىرمە نەچچە خەلق ئەسكىرىنى تەشكىللەپ، شەنچۈەن بۇتخانىسىنى قورشىدى.

بۇتخانىنىڭ ئىچىدە شاملار يېقىلغانىدى. يوغان تۆت بۇرجەكلىك ئۈستەل ئەتراپىدا سەككىز باندىت باشلىقى ئولتۇرۇشقان بولۇپ، تاپانچىلىرى ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇلغانىدى. خەلق ئەسكەرلىرى بۇتخانىنىڭ يان ئىشىكىدە تەق بولۇشتى، جىياۋ يۈلۇ:

— باستۇرۇپ كىرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئۆزى بۇتخانىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، بىرلا سەكرەپ ئۈستەلگە چىقتى. باندىتلار ئەس - ھوشىنى تېپىپ بولغۇچە جىياۋ يۈلۇ ئۈستەلدىكى تاپانچىلارنى يىغىۋالدى. جىياۋ يۈلۇنىڭ كەينىدىن

بۇتخانىغا باستۇرۇپ كىرگەن خەلق ئەسكەرلىرى باندىتلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىك قولغا چۈشۈردى.

بۇ بىر قېتىملىق ئالاھىدە غەلىبە بولدى. خەلق ئەسكەرلىرى خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ باتۇرانە جاسارىتىنى ۋە ئادەتتە ئەڭ ئەشەددىي بولغان، ئەمدىلىكتە ھەيۋىسى سۇنغان باندىتلارنى بىرىنچى قېتىم كۆردى. جياۋ يۇلۇ توغرىسىدا «ئۇ شەندۇڭدىن كەلگەن ئۇستا چامباشچىكەن، تامدىن ـ تامغا ئۇچۇپ يۈرىدىكەن» دېگەن گەپلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقالدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دايىڭ كەنتىدە ھۆكۈم ئېلان قىلىش چوڭ يىغىنى ئېچىلىپ، سەككىز باندىت باشلىقىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ ئېتىپ تاشلاندى.

لى مىڭ دايىڭ يېزىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە دېھقانلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولدى.

بىر كۈنى «ئورغاق» لەقەملىك باندىت لياڭ چاڭيۈن رايونغا كېلىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلدى. ئۇ قەبىھلىكتە چېكىدىن ئاشقان خۇاڭ لاۋسەنگە ئەگىشىپ قورال كۆتۈرۈپ يۈرگەن ھەمدە قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان باندىت ئىدى. يۇقىرىلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچ ئىدى. لېكىن، جياۋ يۇلۇ ئۇنىڭغا ھېچقانداق جازا بەرمەي قويۇۋەتتى. يېزا باشلىقى لى مىڭ لياڭ چاڭيۈننى ئېتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. جياۋ يۇلۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خۇاڭ لاۋسەننىڭ تۈكلىرىنى پاك ـ پاكىز يۇلۇۋەتمەي تۇرۇپ، ئۇنى يېتىم قالدۇرۇش تولىمۇ تەس، — دېدى.

بۇنداق «پارچىلاش» راستىلا ئۈنۈم بەردى. دېگەندەك نۇرغۇن باندىتلار ئۆزلۈكىدىن جىنايىتىگە ئىقرار بولۇپ ئۆزىنى مەلۇم قىلىشتى. باندىتلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى يوشۇرۇپ قويۇلغان قوراللارنى تاپشۇرۇشتى. ئاشكارا تاپشۇرۇشنى خالىمىغانلار قوراللىنى كوچىغا تاشلىۋېتىشتى. رايونلۇق ھۆكۈمەت لياڭ چاڭيۈن تەمىنلىگەن ئاخباراتقا ئاساسەن قېچىپ يۈرگەن

بىرمۇنچە باندىتلارنى تۇتتى. جياڭ يۇلۇ «ئورغاق»نىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىنى ماختاپ، ئۇنى دايىڭ يېزىسىغا مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى. بۇنىڭدىن لى مىڭ يەنە بىر قېتىم خاپا بولدى. ئۇ:

— ياخشى ئادەم بىلەن بۇزۇق ئادەم ئوخشاش بولسا كىمنىڭمۇ ياخشى ئادەم بولغۇسى كېلىدۇ؟ — دېدى.

— تورنى كەڭ يېيىپ، بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇش دېگەن مۇشۇ، — دېدى جياڭ يۇلۇ.

جياڭ يۇلۇنىڭ بۇ گېپىمۇ ئۈنۈم بەردى. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەي خۇاڭ لاۋسەن قېچىر قوشۇلغان هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى.

خۇاڭ لاۋسەنىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن جياڭ يۇلۇ ئازراقمۇ ئەجەبلەنمىدى. خۇاڭ لاۋسەنىنىڭ ئوغلى ئازادلىق ئارمىيەدە يىڭجاڭ ئىدى. خۇاڭ لاۋسەن ئۆزىچە يەرلىكتىكى 8 ـ ئارمىيەنىڭ ئادەملىرى ماڭا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن هالەتتىن ئاشكارا هالەتكە ئۆتۈشى بىلەن بىر قىسىم هەقامسايىلىرىنىڭ يۈرىكى يوغىناپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇنىڭ جياڭ يۇلۇنىڭ «سۆيى»نىڭ زادى قانچىلىك چوڭقۇرلۇقىنى بىلىپ بېقىش غەرىزىمۇ بار ئىدى.

يېزا باشلىقى لى مىڭ خۇاڭ لاۋسەنىنى دەرهال قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلدى، هودۇقۇپ قالغان «ئورغاق»مۇ خۇاڭ لاۋسەننى تېزرەك قولغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. جياڭ يۇلۇ ئۇ ئىككىسىگە ئالدىراپ كەتمەسلىكنى ئېيتتى.

شۇ كۈنى، جياڭ يۇلۇ شەخسەن ئۆزى خۇاڭ لاۋسەن بىلەن كۆرۈشكىلى باردى. خۇاڭ لاۋسەن يەلكىسى كەڭ، گەۋدىلىك، كۆزى كالىنىڭ كۆزىدەك يوغان، ئاغزى چوڭ ئەبلەخ ئىدى. خۇاڭ لاۋسەن جياڭ يۇلۇنى كۆرۈپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. جياڭ يۇلۇ خۇددى كونا بۇرادىرىنى كۆرگەندەك يېقىملىق

تەلەپپۇزدا:

— لاۋسەن، مەن بىر ئىش توغرۇلۇق سەن بىلەن مەسلىھەتلەشكىلى كەلدىم. كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، سەن بىلەن ئۇرۇش - جېدەل قىلىپ يۈرگۈم يوق. ئىككىمىز دوست بولۇپ قالساق دايىڭ رايونىدىكى پۇقرالار ئازراق كۆلپەت تارتقان بولاتتى. قول ئاستىڭدىكى بۇرادەرلىرىڭگە قورال تاشلاپ، خەلق ئالدىدا گۇناھىنى تونۇش ھەققىدە بۇيرۇق قىلساڭ، مەن سېنى دايىڭ رايونىنىڭ باشلىقلىقىغا كۆرسەتكەن بولاتتىم! — دېدى.

خۇاڭ لاۋسەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— بۇ ھەقىقەتەنمۇ جۆيلۈگەنلىك. سەن مېنى رايون باشلىقى قىلامسەن؟ سەن چۈشۈڭدىمۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلايسەن!

خۇاڭ لاۋسەن شۇنداق دېگىنىچە قوينىدىن تاپانچىسىنى چىقاردى. جياۋ يۈلۈ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ:

— لاۋسەن، تاپانچاڭنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ — دېدى.

خۇاڭ لاۋسەن بېشىنى سىلىپ خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا پەسكويغا چۈشۈپ، تاپانچىسىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قويۇپ، ئاندىن جياۋ يۈلۈغا بەردى. جياۋ يۈلۈ تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ كۆردى.

— تاپانچا سېنىڭ قولۇڭدا، مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭ ھازىرلا ئوق چىقار! ئۆيۈمدىكىلەر جەسىتىمنى تالا - تۈزدىن ئىزدەپ يۈرمىسۇن، — دېدى خۇاڭ لاۋسەن.

جياۋ يۈلۈ كۈلمىدى ھەم گەپمۇ قىلمىدى، تاپانچىنى بىر پەس ئويناپ ئولتۇرۇپ سەممىمىي ۋە كەسكىن ئاۋازدا:

— ئاغىنىدارچىلىقتا يارايدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، بولمىسا ئالدىڭغا قانداقمۇ يالغۇز كېلەتتىم؟ — دېدى.

جياۋ يۈلۈ شۇنداق دەپ قولىدىكى تاپانچىنى خۇاڭ لاۋسەنگە قايتۇرۇپ بېرىپ، خۇاڭ ئائىلىسى ھويلىسىدىن ئالدىرىماي چىقىپ كەتتى.

جياۋ يۇلۇ بۇ قېتىم يولۋاس ئۇۋىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كوممۇنىستلارنىڭ جاسارەت ۋە پاراسىتىنى نامايان قىلدى. خۇاڭ لاۋسەنگە ئەڭ ئاخىرقى ئۇلتىماتوم تاپشۇرۇلدى. بۇ جياۋ يۇلۇ ئۈچۈن خۇاڭ لاۋسەننى خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇيۇشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا قىلىنغان بىر قېتىملىق سىناق بولدى.

چوكانتال بايرىمى كۈنى، تالاي كۈندىن بېرى ئۈندىمەي كېلىۋاتقان جياۋ يۇلۇ تۇيۇقسىز خەلق ئەسكەرلىرىنى يىغىپ، خۇاڭ لاۋسەننى دەرھال تۇتۇش توغرىسىدا لى مىڭغا يوليورۇق بەردى.

بۇ كۈنى خۇاڭ لاۋسەن ئۆزى يالغۇز ئورمانلىققا كېلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ قەغەز كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. خەلق ئەسكەرلىرى كەينىدىن قورشاپ كەلدى. لى مىڭ غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى. خەلق ئەسكەرلىرى يولۋاستەك تاشلىنىپ، ئۇنى يەرگە باستى.

خەلق ئەسكەرلىرى خۇاڭ لاۋسەننى يالاپ جياۋ يۇلۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. رايونلۇق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىدا ماتېرىيال كۆرۈپ ئولتۇرغان جياۋ يۇلۇ بېشىنى كۆتۈرمىدى. خۇاڭ لاۋسەن ھالاكەت ئالدىدا ئۆزىنى يەنىلا قەھرىمان كۆرسىتىپ:

— جياۋ فامىلىلىك، بۈگۈن مېنى ئاتامسەن، چاپامسەن ئىختىيارىڭ! لېكىن، سەندىن شۇنى سورىماقچىمەن، ئىككىمىزنىڭ دوستلۇقى راستمۇ ـ يالغانمۇ؟ — دېدى.

— راست بولسا قانداق قىلىسەن؟ يالغان بولسا قانداق قىلىسەن؟ — دېدى جياۋ يۇلۇ.

— ناۋادا يالغان بولسا ئارتۇق گەپنىڭ پايدىسى يوق، — ۋارقىرىدى خۇاڭ لاۋسەن، — ئەگەر راست بولسا مېنى ھازىرلا

قويۇۋەت، بۈگۈن مېنىڭ ئۆلگۈم يوق !

جياۋ يۇلۇ گەپنى ئېنىق قىلىپ:

— سېنى تۇتماقمۇ، قويۇپ بەرمەكمۇ ئاسان. سەن پەقەت باندىتلارنىڭ تىزىملىكىنى ياۋاشلىق بىلەن يېزىپ بېرىپ، يوشۇرۇپ قويغان قورال - ياراغلارنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرساڭلا بولدى ! قولۇڭدا قانچىلىك قورال بار؟ — دېدى.

— ئەللىك تال.

— قوراللار نەدە؟

— شەنچۇەن بۇتخانىسىنىڭ تۆرىگە جايلاشقان ئۆيدىكى بۇت تەكچىسى ئاستىدا.

يېزا باشلىقى لى مىڭ بىرنەچچە خەلق ئەسكىرىنى باشلاپ شۇ ئان شەنچۇەن بۇتخانىسىغا يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار دېگەندەك پارقىراپ تۇرغان ئەللىك تال ماۋزېرنى ئىزدەپ تاپتى. جياۋ يۇلۇ نەق مەيداندا ئۇستىلىنى ئۇرۇپ تۇرۇپ خۇاڭ لاۋسەننى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتتى. خۇاڭ لاۋسەن مەنسىتمىگەندەك قىلىپ رايونلۇق ھۆكۈمەتتىن چىقىپ كەتتى.

كىشىلەر ھەيران قېلىشتى. ئادەمنى چۆپنى ئورۇغاندەك قىرغان بۇ ئالۋاستىنىڭ ئەللىك تال ماۋزېرنىڭ بار يېرىنى دەپ بېرىپ قانۇني جازاغا تارتىلمىغانلىقى ھېچكىمنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى. لى مىڭ بېلىدىن ئىككى تال تاپانچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، جاۋ يۇلۇنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئۇنىڭ چىرايى كۆكەرگەن، قوللىرى تىترەپ تۇراتتى.

— بولدى، مەن ئىشلىمەيمەن. سىز رايون باشلىقى تۇرۇپ ئۆز ئادەملىرىڭىزنى ئەمەس، بەلكى باشقىلارنى ئويلايدىكەنسىز، — دېدى ئۇ.

جياۋ يۇلۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ مېڭىشقا تەمشەلگەن لى مىڭنى تارتىپ ئالدىرىماي:

— باندىتلار باشلىقى خۇاڭ لاۋسەن ھاياتلا بولىدىكەن،

يوشۇرۇنغان دۈشمەن ئۇنىڭ بىلەن خۇپىيانە ئالاقىلىشىدۇ، — دېدى.

دەرۋەقە، شۇ كۈنى كەچتە دۈشمەن ھەربىر كەتكە كەلدى. مۇئاۋىن رايون باشلىقى لياڭ راۋلەي دالىدا ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرۇشقان يىگىرمە نەچچە ئادەمگە:

— رايونلۇق ھۆكۈمەت تۇرۇشلۇق جايغا ھۇجۇم قىلىش توغرا كەلسە بۈگۈن كەچتىلا ئىشنى باشلاش كېرەك. كېچىكتۈرۈلسە مەن سېزىلىپ قالىمەن. جياۋ يۇ لۇ بىلەن لى مىڭنى جەزمەن بوغۇزلاپ تاشلاش كېرەك، — دېدى.

يېرىم كېچە، كىشىلەر جياۋ يۇلۇ بىلەن لى مىڭنىڭ ئۆزلىرىنى ئۇخلاۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇپ قويغان يوتقانلىرىنىڭ پىچاقتا ئۆتمە تۆشۈك بولۇپ، پاختىلىرىنىڭ ھەر يان توزۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈشتى.

ئەتىسى جياۋ يۇلۇ لياڭ راۋلەينى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتنى سۇنۇپ تۇرۇپ:

— بۇ مۇھىم ھۆججەتنى ناھىيەگە ئاپىرىپ بەرگىن، — دېدى.

لياڭ راۋلەي تاپانچىسىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. لى مىڭ ئۆزىنىڭ تاپانچىسىنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە:

— ناھىيەگە بارغاندا ئەمەلىيلىك ئۆسۈپ قالسا بىزدەك نامرات قېرىنداشلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالما ! — دېدى خۇددى بۇ ئىش راستتەك.

لياڭ راۋلەي تاپانچىنى قولىغا ئالغاچ:

— ئۆستۈرۈپ نېمە قىلىدىكەن مېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ناھىيەدىكىلەر جامائەت خەۋپسىزلىكى تارمىقىدا ئىشلىيەلىگۈدەك مەرگەندىن بىرنى تەۋسىيە قىلىشنى ئېيتقانىدى، — دېدى جياۋ يۇلۇ.

لياڭ راۋلەي ناھىيەگە بېرىشىغا، جامائەت خەۋپسىزلىكى

ئىدارىسىدىكىلەر ئۇنىڭ پۈت ـ قولىغا كويزا ـ كىشەن سالدى. سوراقتا ئۇنىڭ ئىلگىرى شەرقىي خېنەن كوممۇنىستلارنى تازىلاش قوماندانى ساۋ شىيىنىڭ قوشۇنىدا يىڭجاڭ بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

لياڭ راۋلەي بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن، جياۋ يۈلۈ لياڭ چاڭيۇننى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا:

— سەن بېرىپ خۇاڭ لاۋسەننى چاقىرىپ كەل، ئۇنىڭغا ئوغلۇڭ ھۆكۈمەتكە خەت يېزىپتۇ دېگىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمەن، — دېدى.

خۇاڭ لاۋسەننىڭ ئوغلى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئاتىسىغا خەت يېزىپ ئۇنىڭدىن گۇناھىنى تونۇپ خەلققە باش ئېگىپ، ھۆكۈمەتنىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا ئېرىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

خۇاڭ لاۋسەن ھويلىغا كىرىشى بىلەن خەلق ئەسكەرلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ئۇنى مەھكەم باغلىۋەتتى.

— جياۋ يۈلۈ، — دەپ چالۋاقىدى خۇاڭ لاۋسەن، — ئوغلۇم سەندىن ماڭا كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆتۈنگەن تۇرسا، نېمىدەپ مېنى باغلايسەن؟

— ئوغلۇڭ خېتىدە ناۋادا ياۋاشلىق بىلەن جىنايىتىڭنى تاپشۇرمىساڭ، خەلقنى بالايىئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سېنى ئېتىۋېتىشىمنى ئېيتقانىدى! — دېدى جياۋ يۈلۈ.

خۇاڭ لاۋسەن شۇئان پەسكويغا چۈشۈپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن يىگىرمە نەچچە باندىتنىڭ تىزىملىكىنى بەردى ھەمدە جەمەت قەبرىستانلىقىغا يوشۇرۇپ قويغان ئىككى يۈز تال قورالنى تاپشۇردى.

جياۋ يۈلۈ دەرھال خۇاڭ خەمەتى قەبرىستانلىقىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئىككى يۈز تال قورالنى ئەكەلدۈردى ۋە خۇاڭ لاۋسەن پاش قىلغان يوشۇرۇن باندىتلارنى تۇتتى.

www.uyghurkitap.com

خۇاڭ لاۋسەن رايونلۇق ھۆكۈمەت دەرۋازىسىدىن يەنە بىر قېتىم چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن لى مىڭ خەلق ئەسكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ خۇاڭ لاۋسەن جاھىللىق قىلىپ پاش قىلمىغان باندىت باشلىقلىرىدىن خۇ زىگۇڭ، خۇ زىجيەن، ياڭ جىنشەن ۋە ياڭ مياۋلارنى قولغا ئالدى. خۇاڭ لاۋسەن ھىيلە ئىشلىتىپ دايىڭدىن قېچىپ كەتتى.

خۇاڭ لاۋسەننىڭ قېچىپ كەتكەنلىكى جەزملەشتۈرۈلگەن شۇ كۈنى چۈشتە قەلبى ئۆچمەنلىككە تولغان يېزا باشلىقى لى مىڭ قورالىنى يەنە بىر قېتىم پىرقىرىتىپ تاشلاپ جياۋ رايون باشلىقىدىن ئاغرىندى:

— سىز يېڭىلىشتىڭىز، بۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشىڭىز كېرەك.

جياۋ يۇلۇ مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— مەن ياۋۇزلۇقتا ئۈچىغا چىققان خۇاڭ لاۋسەننى ئۆلتۈرۈۋەتمەي تۇرۇپ، يۇرتۇم شەندۇڭغا ھەرگىز كەتمەيمەن، — دېدى.

بىر كۈنى كەچتە جياۋ يۇلۇ كەنتتىن ئۆزى يالغۇز چىقىپ كېتىپ نەچچە كۈندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. ئۇ خۇاڭ لاۋسەننىڭ تۇرار جايىنى رازۋېدكا قىلىپ كەلگەنىدى. خۇاڭ لاۋسەن يۇشىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شىڭجۇاڭ، شاڭسۇن كەنتلىرى ئەتراپلىرىدا ھارۋىكەش بولۇۋالغانىدى. ئۇ تەرەپلەر ساۋشىيىنىڭ كونا ئۇۋىسى ئىدى. خۇاڭ لاۋسەن ساۋ شىيىنىڭ كونا ئادەملىرىنى يىغىپ قايتىدىن باش كۆتۈرۈش غەرىزىدە يۈرگەنىدى.

بىر كۈنى كەچتە، ئالتە يېزىدىن يىغىلغان تۆت يۈزدىن ئارتۇق خەلق ئەسكىرى شاڭسۇن كەنتىنى قاتمۇقات قورشىدى. باش توخۇ چىللىغان چاغدا، توساتتىن كۈنچىقىش تەرەپتىكى

يولدىن ھارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى كەلدى.

ئات ھارۋىسى يېقىنلاشقانسېرى، جياۋ يۈلۈغا ئاتنىڭ تۇياقلىرى ئۆزىنىڭ يەلكىسىگە تېگىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. جياۋ يۈلۈ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— خۇاڭ لاۋسەن ! — دەپ ۋارقىرىدى.

ھارۋىدىكى ئادەم ئىختىيارسىز جاۋاب بېرىپ سالدى. جياۋ يۈلۈ ھارۋا ئالدىغا ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، خۇاڭ لاۋسەننى ھارۋىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، گەجگىسىدىن قاماللاپ يەرگە باستى.

ئەتراپتىكىلەر چۇقان كۆتۈرۈشۈپ، جياۋ يۈلۈنىڭ خۇاڭ لاۋسەننى باغلىشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن تەڭلا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. شۇ ئارىلىقتا چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. خەلق ئەسكەرلىرى يەردە ياتقان خۇاڭ لاۋسەنگە قاراشتى، جياۋ يۈلۈ ئۇنىڭ قورال تۇتقان قولىنى قايرىپ سۇندۇرۇۋەتكەنىدى...

قاتمۇقات قان قەرزگە بوغۇلغان خۇاڭ لاۋسەن ئاخىر سوراق سەھنىسىدە يۈكۈندۈرۈلدى. ھەققانىي شىكايەت ساداسى ئىچىدە ئۇ بوغۇزلانغان كالىغا ئوخشاپ قالغانىدى، كۆزلىرىدە قورقۇنچ ۋە ئۆچمەنلىك ئەكس ئېتەتتى.

جياۋ يۈلۈ پارتىيە ۋە خەلققە ۋاكالىتەن، خۇاڭ لاۋسەنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن ھۆكۈمنامىنى ئوقۇدى. نەچچە مىڭلىغان خەلق: «خۇاڭ لاۋسەن ئېتىلدى، دايىڭنىڭ ئاسمىنى سۈزۈلدى» دەپ ئالقىش ياڭرىتىشتى.



# كۆرەشچان ياشلىق

جاڭ يۈلۈنىڭ تۇل قالغان ئانىسى بىلەن خوتۇن - بالىلىرىدىن ئايرىلغىنىغا توپتوغرا ئىككى يىل بولغانىدى. مۇشۇ ئىككى يىلدىن بۇيان ئانىسىنىڭ سالامەتلىكى ھېلىمۇ ياخشىمىدۇ؟ خوتۇنى بىلەن قىزى شۇفىڭ قانداقراق تۇرۇۋاتىدىغاندۇ؟ ئۇ ئائىلىسىگە تولا خەت يازدى. ھەربىر پارچە خېتىنىڭ قۇدۇقتا چۆشۈپ كەتكەن تاشتەك دېرىكى بولمىدى. ئۇرۇش يىللىرىدا دۈشمەن كەينىدە بىزنىڭ ئادەملىرىمىز، بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنىڭ كەينىدە دۈشمەن بولاتتى. شۇڭا، چوڭقۇر سېغىنىش بىلەن يېزىلغان خەتلەرنى تېگىشلىك ئادەمنىڭ قولىغا تەگكۈزۈش تولىمۇ تەسكە توختايتتى. خەت ئارقىلىق ئائىلىسىدىكى بارلىق ئەھۋاللاردىن جياڭ يۈلۈنى خەۋەردار قىلىش بەسى مۈشكۈل ئىدى.

كېيىن ئاخىر جاۋاب خەت كەلدى، جياڭ يۈلۈ كەلگەن خەتلەرنىڭ ئارىسىدىكى بىر پارچە خەتنى ئوقۇپ چۆچۈپ كەتتى. خەتتە خوتۇنى ئاجرىشىش تەلىپىنى قويغانىدى! جياڭ يۈلۈدىن ئىككى ياش چوڭ جىڭ فامىلىلىك ئايال جياڭ فامىلىلىك بىر نەۋرە تاغىسىغا كۆيۈپ يۈرگەنىدى. بىر كۈنى كەچتە، ئۇ قېيىنئانىسىغا خوشمۇ دەپ قويماي، قىزىنى ئېلىپ جياڭ ئائىلىسىنىڭ كىچىك ھويلىسىدىن جىمىدە چىقىپ كەتتى.

يىراق يۇشىدە بوران - چاپقۇنلۇق ھەم قاينام - تاشقىنلىق

كۆرەش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان جياۋ يۈلۈ بۇ ئىشتىن تولىمۇ ئازابلاندى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي، جياۋ يۈلۈ كۆرەشچان ياشلىقتىن ئەڭ ياخشى جاۋابقا ئېرىشتى: قىز كادىر شۇ جۈنيانىڭ مۇھەببىتى جياۋ يۈلۈنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى.

1950 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، جاھان قىش ئاپتىپىدا نۇرلانغان بىر كۈنى جياۋ يۈلۈ بىلەن شۇي جۈنيا مەيدىلىرىگە يوغان قىزىلگۈل تاقىدى، چىرايلىرىدا بەختتىن تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

1951 ـ يىلى باھاردا جياۋ يۈلۈ يۈشى ناھىيەلىك ئىتتىپاق كومىتېتىغا مۇئاۋىن شۇجى بولۇپ يۆتكەلدى. ئۇ بىر كۈنى دايىڭ رايونىنىڭ شاڭۋاڭ كەنتىدە خىزمەت تەكشۈرۈۋېتىپ، تۇيۇقسىز قارا قۇمچاق بىر قىزچاقىنىڭ پۈچەقىقىنى تۇرۇۋېلىپ، ناخشا ئېيتقاچ سوقا ھەيدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

جياۋ يۈلۈ قىزچاقنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى. قىزچاق:

— ئىسمىم ۋاڭ شياۋمېي، — دەپ جاۋاب بەردى.

— يەر ئاغدۇرۇۋېتىپسىز، سۆرەممۇ سالالامسىز؟ — دەپ سورىدى جياۋ يۈلۈ يەنە.

— بۇنى خېلى بۇرۇنلا بوۋامدىن ئۆگەنگەن، — دەپ جاۋاب بەردى شياۋ مېي.

— سىڭلىم، سىز ھەقىقەتەن يارايدىكەنسىز، كۆپچىلىك سىزدىن ئۆگەنسە بولغۇدەك، — دەپ قىزچاقنى ماختاپ كەتتى جياۋ يۈلۈ.

دېمىسىمۇ بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىرىنىڭ ياخشى تىپى ئىدى. ئاياللار گەرچە ئازادلىققا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن تېخى ئۆزىنى ئازاد قىلالمىغانىدى. ۋاڭ شياۋمېيغا ئوخشاش ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىنى قىلىدىغان ئاياللار ساناقلىق ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

جياۋ يۇلۇ بۇ تېپنى تونۇشتۇرۇش قارارىغا كەلدى ـ دە، بۇ ھەقتە قوشاق توقۇپ گېزىتكە بەردى:

شاڭسۇن كەنتىدىكى ۋاڭ شاۋمېي،
بۇ يىل تېخى ئون يەتتە ياشتا.
پومېشچىكلارنى كۈرەش قىلىشتا،
باندىتلارنى قوغلاپ تۇتۇشتا،
يەر ئاغدۇرۇپ، سۈرەم سېلىشتا،
ئېپى بار ئىكەن ھەممىلا ئىشتا.
...

بۇنىڭدىن ئىلھام ئالغان نۇرغۇن ئاياللار ئەرلەر قىلالايدىغان ئىشلارنى ئاياللارمۇ قىلالايدىكەن دېگەن تونۇشقا كېلىشتى. ۋاڭ شياۋمېينىڭ ھېكايىسى بارا ـ بارا يىراق ـ يېقىنغا تارقالدى. پۈتۈن ناھىيەدىكى قىزلار ئارقا ـ ئارقىدىن ۋاڭ شياۋمېيدىن ئۆگىنىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئاتلاندى. بۇ ئاياللارنىڭ فېئوداللىق ئاسارەتنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ھەرىكىتىگە ئايلاندى. ۋاڭ شياۋمېيمۇ جياۋ يۇلۇنىڭ غەمخورلۇقىدا مۇنەۋۋەر ئايال كادىر بولۇپ يېتىلدى.

1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا جياۋ يۇلۇ چېنلىيۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى ھەم تەجرىبىلىك ۋە پىششىق ياش كادىر سۈپىتىدە ۋىلايەت تەشكىللىگەن خىزمەت گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىپ، چىشيەن ناھىيەسىنىڭ يەر ئىسلاھاتىنى قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تۇتتى. شۇ مەزگىللەردە خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقتىن، ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا ئۆستۈرۈلدى.

1953 ـ يىلى يازدا ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ بارغانسېرى پىشىپ يېتىلىۋاتقان بۇ مۇئاۋىن شۇجىسى يەنە ئۆستۈرۈلۈپ، جېڭجۇ ۋىلايەتلىك ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىغا تەيىنلەندى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم تەرىپىدىن لوياڭ كان ماشىنىلىرى زاۋۇتىغا ئەۋەتىلدى.

لوياڭ كان ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئېلىمىزنىڭ بىرىنچى بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياردىمىدە قۇرۇلماقچى بولغان بىر يۈز ئەللىك ئالتە تۈر ئىچىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرى ئىدى. زاۋۇت ئورنىغا بىر پارچە قاقاسلىق تاللانغانىدى. لېكىن، «بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئەڭ يېڭى ھەم ئەڭ چىرايلىق رەسىم سىزغىلى بولاتتى».

تەشكىل تېخنىكا بىلىدىغان بىر تۈركۈم باشقۇرغۇچى خادىملارنى تەربىيەلەش ئۈچۈن، جياۋ يۈلۈنى ھەممە ئادەم تەلپۈنىدىغان سانائەت قۇرۇلۇشىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيەلەيدىغان بۆشۈك ــ خاربىن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتتى.

جياۋ يۈلۈ قاتارلىق ئالتە كىشى خاربىن سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتىغا كەلگەندىن كېيىن، مەكتەپ رەھبەرلىكى «كادىر ئوقۇغۇچىلار»غا قارىتىلغان ئۆگىنىش پىلانىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى: ئۇلار ئالدى بىلەن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى تېز ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك ئىدى. ھەربىر ئوقۇغۇچى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن تولۇق كۇرس سىنىپلىرىدا ئوقۇيتتى. ئۇلار تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئون نەچچە خىل دەرسلىك كىتابىنى تاپشۇرۇۋالدى. كۈندۈزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش سۇپىسى

ئوقۇيتتى، كېچىسى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنەتتى.

جياۋ يۈلۇ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى ئۆگىنىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، كىشىلىك ھاياتنىڭ بەختلىك مۇساپىسىگە تەڭ قەدەم قويۇشتى. ئۇلار ئىككىسى دالىيەن كىران زاۋۇتىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ زاۋۇتتا سوۋېت ئىتتىپاقلىق بىرقانچە مۇتەخەسسىس بار ئىدى. شۈي جۈنيا ۋە ئۇنىڭ ئايال خىزمەتداشلىرى چاچلىرىنى بۇدۇر قىلىپلا قالماي، يەنە چىرايلىق «پىلاتى ـ يوپكا»لارنى كىيىشتى. جياۋ يۈلۇغا ئوخشاش تانسا ئۆگىنىشتى. كۆڭۈللۈك بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرى كىران زاۋۇتىنىڭ كىچىك زالىدا يېقىملىق مۇزىكا ساداسى ياڭرايتتى.

دالىيەندە ئۆتكەن ئىككى يىل شۈي جۈنيانىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. جياۋ يۈلۇ كۆك سارجىدىن يېپيېڭى جۇڭسەن فورمىسى كىيىپ، چىرايلىق چىپاۋ كىيگەن جۈنيانى ۋە سەبىي باللىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، گۈزەل دېڭىز ساھىلىنى تاماشا قىلدى.

1956 ـ يىلى 12 ـ ئاي جياۋ يۈلۇ ئۈچۈنمۇ، لوياڭ كان ماشىنىلىرى زاۋۇتى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى مۇھىم بىر يىل بولدى. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەن زور بىر تۈركۈم باشقۇرغۇچى ئىختىساس ئىگىلىرى ۋە تايانچ تېخنىكلار يەنە ئەسلىي زاۋۇتلىرىغا قايتتى. جياۋ يۈلۇ بۇ زاۋۇتنىڭ مېتال پىششىقلاش سېخىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى.

بىراق ئۇزاق ئۆتمەي، زاۋۇت پارتكوم شۇجىسى يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىككە ۋاكالىتەن، ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ يېقىندا سانائەت سىستېمىسىدىن بىر تۈركۈم ياش كادىرلارنى ئاجرىتىپ يېزا ئىگىلىكىنىڭ بىرىنچى سېپىنى كۈچەيتىشنى

قارار قىلغانلىقى، يەرلىك ۋە ئۆلكىلىك پارتكوم ئۇنى نامىنى ئاتاپ يۈتكىمەكچى بولغانلىقى توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى.

جياۋ يۈلۈ پارتكوم شۇجىسىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ سەمىمىيلىك بىلەن:

— لۇ شۇجى، پارتىيەنىڭ ئېھتىياجى مېنىڭ ئارزۇيۇم، مەن ھەر ۋاقىت پارتىيە ۋە خەلقنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىمەن، — دېدى.

ئاسماندىكى لەگلەكنىڭ زېمىندا يىپى بار، تەقدىرنىڭ يىپى جياۋ يۈلۈنى يەنە بىپايان زېمىنغا — ئۇ كۈرەش قىلغان يۇشى ناھىيەسىگە تارتىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى تاربىسى
www.uyghurkitap.com



# يوشىدە ئۆتكەن كۈنلەر

1962 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى كونىراپ كەتكەن ھەربىيچە سومكا ئاسقان جياۋ يۈلۈ قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ يوشى ناھىيەلىك پارتكوم ئورگىنىغا كىردى ـ دە، پارتكوم شۇجىسى شيا فېڭمىڭغا ھەربىيچە سالام بېرىپ:

— دوكلات! مەن خىزمەت قىلغىلى يوشىگە يەنە قايتىپ كەلدىم، — دېدى.

بۇ بۇنىڭدىن قىرىق يەتتە يىل ئىلگىرىكى بىر ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ئەھۋالى ئىدى.

1962 ـ يىلى تۈرلۈك چوڭ ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلغان يىللار بولۇپ، ئۇ چاغدا يېزىلار كوممۇنالاشتۇرۇلغان، ئاشخانىلاشتۇرۇلغان ئىدى، ھەممە يەردە پولات تاۋلاش بولۇۋاتاتتى. يىلمۇيىل ئۈزۈلمەي ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرىكەتلەر، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن، ئاماا قورسىقى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

جياۋ يۈلۈ ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا چوڭقۇر تەسىرلىك قىلىپ:

— يېزىلاردا قىيىنچىلىق ئېغىر، بۇ مەلۇم بىر ناھىيەدىكى مەسىلە بولماستىن، بەلكى بىرىنچىدىن سىياسەتكە، ئىككىنچىدىن كادىرلارغا بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كادىرلار ياخشى، ئۇلار ياخشى ئىش قىلىشنى

ئويلايدۇ. ئەمما، يىل بويى داۋاملىشىۋاتقان ھەربىكەتلەردە كادىرلار ئەدەپلىنىپ، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىغا تەسىر يەتتى. نۇرغۇن كادىرلار ئىشلەشنى خالىمايۋاتىدۇ. كادىرلار باشلامچى بولمىسا، ھەتتا سۇ كالىسىمۇ قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاممىنىڭ نېمە ئامالى بولسۇن؟ — دېدى.

شۇ چاغدا جياڭ يۈلۈنىڭ بۇنداق تەلەپپۇزدا گەپ قىلىشىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىر تۈركۈم داڭلىق يازغۇچىلار «جياڭ يۈلۈنىڭ تەرجىمىھالى»نى يازىدىغان چاغدا، ھەتتا شۇ دەۋرنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشى بولغان «سىنىپىي كۈرەش»كە دائىر سۆزنى تاپالمىغان، يەنە كېلىپ جياڭ يۈلۈ 1962 ـ يىلىلا «ئوڭچىللار»غا ئۆۋال بولۇپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق شىكايەت قىلغان.

جياڭ يۈلۈ دائىم: «كادىرلار جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتا ئۈلگە بولۇشى كېرەك» دەپ تەكىتلەيتتى.

يۈشى ناھىيەسىنىڭ شىبالى يېزىسى يەنجۇاڭ كەنتىدىكى يەن پىڭ تاۋۇز ھەققىدە مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بەردى:

جياڭ يۈلۈ مەزكۇر كەنتكە قاراشلىق ئەترەتتە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە، جياڭ يۈلۈنىڭ رەھبەرلىكىدە بىرنەچچە يۈز مو يەرگە تاۋۇز تېرىلغان بولۇپ، يەن پىڭ تاۋۇزلۇققا قاراشقا قويۇلىدۇ. تاۋۇز پىشقاندا، جياڭ يۈلۈ ناھىيەگە كېتىپ قالىدۇ. ئەترەت باشلىقى كوممۇنا ئەزالىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، كادىرلارنىڭ ئېغىز تېگىشى ئۈچۈن يەن پىڭنى بىرمۇنچە تاۋۇز بىلەن ناھىيەلىك پارتكومغا ئەۋەتىدۇ. جياڭ يۈلۈ تاۋۇزلارنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىپ، قايتۇرۇپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يەن پىڭ جياڭ يۈلۈ بىلەن بولغان بۇرادەرچىلىكنى كۆزدە

تۇتۇپ، بىرنەچچە تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇ.

— بۇ ماڭا تەقسىم قىلىنغان تاۋۇزلار، تېتىپ بېقىسىلىڭ، — دەيدۇ يۈەن پىڭ. جياۋ يۇلۇ:

— ساڭا تەقسىم قىلىنغان تاۋۇزلارغىمۇ ئاممىنىڭ قان - تەرى سىڭگەن، مەن قوبۇل قىلالمايمەن، — دەيدۇ.

جياۋ يۇلۇنىڭ بالىلىرى تاۋۇزلارنىڭ يېنىدا قارىشىپ تۇرغان بولۇپ، يۈەن پىڭ ئۇلارغا تاۋۇزدىن بىرنى تىلىدۇ. جياۋ يۇلۇنىڭ بالىلىرى تاۋۇزنى تالىشىپ تۇرۇپ يەيدۇ.

جياۋ يۇلۇ بالىلىرىغا ئاچچىقلىنىپ:

— نېمىشقا ئەمگەك قىلماي تۇرۇپ كوللېكتىپنىڭ تاۋۇزىنى يەيسىلەر؟ — دەيدۇ.

يۈەن پىڭ جياۋ يۇلۇنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئويلىمىغانىدى.

— سىزمۇ ئەمگەك قىلغانىغۇ؟ — دەيدۇ خاپا بولۇپ يۈەن پىڭ.

— مېنىڭ ئەمگەك قىلىشىم ھەقلىق، — دەيدۇ جياۋ يۇلۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

جياۋ يۇلۇغا پەقەت گەپ يېگۈزەلمىگەن يۈەن پىڭ تاۋۇزلارنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ. ماڭىدىغان چاغدا جياۋ يۇلۇ نەچچە موچەننى يۈەن پىڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدۇ.

يۈەن پىڭ پۇلنى يەرگە چېچىۋېتىپ:

— دۇنيادا سىزدەك ئادەم يوق، — دەپ ئاچچىقلاپ كېتىپ قالىدۇ.

ناھىيەلىك پارتكوم كادىرى نيۇ بىڭشاڭ بىر كۈنى ناھىيەلىك پارتكوم ئالدىدىكى «ياشلار ساتىراشخانىسى»غا چاچ ياساتقىلى كىردى. ساتىراشخانىدا ساقلاپ ئولتۇرغان خېرىدارلار كۆپ ئىدى. خېرىدارلار نومۇر بويىچە چاچ ياسىتىشاتتى.

بىر كەمدە ساتىراشخانىغا جياۋ شۇجى بېشىغا كونا چىغ

قالپاق، پۇتىغا لاي خەي كىيگەن، لاي چاچراپ كەتكەن پۇچقاقلىرى تۈرۈلگەن ھالەتتە كىرىپ كەلدى. كىشىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام قىلىشتى. جياۋ يۈلۈ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئولتۇرۇڭلار، چاچ ياساتمىغىنىمغا بىر ئاي بولۇپ قاپتۇ، بېشىم قىچىشىپ كەتتى، بۈگۈن ياسىتىۋالاي، — دېدى.

— بۈگۈن بەك ئالدىراش كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دەپ سورىدى نيۇ بىڭۋاڭ جياۋ يۈلۈدىن.

— قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇۋاتقان شېنجۇاڭ كەنتىگە باردىم. چۈشتىن كېيىن ناھىيەلىك پارتكومدا يىغىن بار، — دەپ جاۋاب بەردى جياۋ يۈلۈ.

— جياۋ شۇجى بەك ئالدىراشكەنسىز، ئىككىمىز نۆۋىتىمىزنى ئالماشتۇرايلى، — دېدى نيۇ بىڭۋاڭ.

— كېرەك ئەمەس، — دېدى جياۋ يۈلۈ بېشىنى چايقاپ.

بىر پېشقەدەم دېھقان نۆۋىتىنى ئۆتۈنمەكچى بولۇۋىدى، جياۋ يۈلۈ:

— ئىلگىرى - كېيىنلىك پەرقى بولۇشى كېرەك، — دېدى.

ساتىراشخانىدىكى پەن ئۇستامۇ:

— جياۋ شۇجى خىزمىتىڭىزگە دەخلى يېتىپ قالمىسۇن، ئالدى بىلەن سىزنىڭ چېچىڭىزنى ياساپ قوياي، — دېدى.

— ھەممەيلەن چاچ ياساتقىلى كەلدۇق، ئالاھىدە بولۇۋالسام قانداق بولىدۇ؟ — دېدى جياۋ يۈلۈ.

— كىم چېچىنى قىردۇرۇۋېتىدۇ، — دېدى يېڭىلا ساتىراشلىقنى ئۆگەنگەن شاگىرت قىزچاق.

ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. خېرىدار چىقمىغان قىزچاق بىكارچىلىقتا ئىچى تىتىلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى جياۋ يۈلۇ ئۇنىڭدىن.

— ئىسمىم شاۋبيەن، — دەپ جاۋاب بەردى قىزچاق.

— سىز چاچنى چۈشۈرۈۋېتىشنىلا بىلەمسىز؟

— مەن دېگەن شاگىرت.

جياۋ يۈلۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ھازىر كىم تاقىر باش يۈرىدۇ؟ چاچ ياساشنىمۇ ئۆگىنىڭ، ئۆگەنمىسىڭىز قانداق بولىدۇ، — دېدى ـ دە، شاۋبيەننىڭ ئىش ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى، — كېلىڭ، شاۋبيەن، چاچ ياساشنى ئۆگىنىشنى مېنىڭ بېشىمدىن باشلاڭ!

شاۋ بيەن قورقۇمسىراپ ئۇستىسىغا قارىدى. ئۇستىسى كۈلۈپ قويدى. شاۋ بيەن جياۋ يۈلۇنىڭ بوينىغا لۆڭگىنى ئوراپ، قولىغا ماشىنا ۋە تارغاقنى ئېلىپ، قىسقا چاچ ياساشقا قولىنى كۆندۈرۈشكە باشلىدى.

كىم بىلسۇن، ماشىنا باشقا سېلىنىش بىلەن غارىلداپ ماڭغان پېتى باشنىڭ چوققىسىغا بېرىپ توختىدى. جياۋ يۈلۇنىڭ بېشىدا ئېرىقچە ھاسىل بولۇپ، چېچىنىڭ شەكلى بۇزۇلۇپ كەتتى. شاۋ بيەن:

— ئاپلا، ماشىنىنى ئايلاندۇرالماي چېچىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم، — دېدى.

پەن ئۇستام ۋىللىدە قىزىرىپ:

— بولدى قىلىڭ، مەنلا ياساپ قوياي، — دېدى.

جياۋ يۈلۇ بېشىنى چايقاپ:

— كېرەك يوق، كېرەك يوق، مەن شەكىل قوغلاشمايمەن. ئۆسۈپ كەتكەن چېچىمنى قىسقا قىلىپ قويسىلا بولىدى، بېشىم سالقىن بولۇپ قالسا دەيمەن! — دېدى.

كۆپچىلىك قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. شاۋ بيەن نېمە

قىلارنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. جياۋ يۈلۈ يەن ئۇستامغا:

— يەن ئۇستام، ھۈنىرىڭىز يۇقىرى بولسىمۇ شاگىرتىڭىزغا ئۆگىتىپ بولالماپسىز. شاگىرتىڭىزنى تەنقىدلىمەك، يورەكلىك سىناق قىلسۇن. چاچنى قىسقا قىلىپ ياسىيالمىسا، تەكشى قىلىپ ياسىسۇن، تەكشى قىلىپ ياسىيالمىسا چۈشۈرۈپلىۋەتسۇن! — دېدى.

شاۋ بيەن دەككە - دۈككىدە يەنە چاچ ياساشقا كىرىشتى.

— نېمىدىن قورقىسىز؟ كونا چىغ قالپاقنى كىيسەم، نەچچە كۈنگە قالماي چېچىم يەنە تەكشى ئۆسۈپ چىقىدۇ. ياشلار ھۈنەر ئۆگەنمەكچى بولسا ھامان بىرەر ئادەمنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈپ سىناق قىلىدۇ. يا مېنىڭ بېشىم ياكى باشقا بىرسىنىڭ بېشى سىناققا توغرا كېلىپ قالىدۇ. بىرنەچچە ئادەمنىڭ چېچىنى ئالماي تۇرۇپ سىز ھۈنەر ئۆگىنەلمەيسىز. بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ بۇ بېشىم سىزگە تەجرىبە ئېتىزى بولۇپ بەرسۇن، چېچىم ئۆسۈپ كەتسە ئۇدۇل ئالدىڭىزغا كېلىمەن... — دېدى جياۋ يۈلۈ.

جياۋ يۈلۈنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقىچە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالغان شاۋ بيەن جياۋ يۈلۈنىڭ بېشىنى چۈشۈرۈپ پارقىرىتىۋەتتى.

بىر كۈنى جياۋ يۈلۈ بىر دېھقاننىڭ ئېتىزىغا چاناق توشۇشقا ياردەملەشتى. ئوغلى ئاتىسىدىن:

— ئۇ نەدىن كەلگەن ئادەم، نېمىشقا بىزگە ياردەملىشىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئاتىسى ئوغلىغا ئۇنىڭ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى، ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. كىچىك بالا:

— مەنمۇ چوڭ بولسام ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى بولۇپ،

باشقىلارغا چاناق توشۇشۇپ بېرىمەن! — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن يېزىدا تەمسىلدىن بىرسى كۆپەيدى. كىم چاناق توشۇپ كېتىۋاتقان بولسا، كىشىلەر شۇ كىشىنى «ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى» دەيدىغان بولدى.

لېكىن، 1962 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يۇقىرى دەرىجىلىك پارتكوم مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، باشقىلارغا چاناق توشۇشۇپ بەرگەن بۇ ياخشى كادىرنى بىرىنچى شۇجىلىققا تەيىنلەپ لەنكاۋ ناھىيەسىگە ئەۋەتىشنى قارار قىلدى.

يولداشلار بۇ ياخشى رەھبەردىن ۋە ياخشى ئاكىدىن زادىلا مېھرىنى ئۈزەلمىدى. كۆپچىلىك جياۋ يۈلۈنىڭ ئۈچىسىدىكى كونا كىيىمنى ۋە بالىلىرىنىڭ ئۈچىسىدىكى جۇل ـ جۇل كىيىملەرنى كۆرۈپ ئىچى ئاچچىق بولۇپ قالدى. قىش كىرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈچىسىدا پاختىلىق چاپانمۇ يوق ئىدى. جياۋ يۈلۈ مۇشۇ ھالەتتە شىمالدىكى خۋاڭخې دەرياسىغا يېقىن جايلاشقان لەنكاۋ ناھىيەسىگە خىزمەتكە كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەردە قۇملارنى ئۇچۇرۇۋەتكۇدەك بوران چىقاتتى. ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى مۇشۇ ھالەتتە يولغا سېلىپ قويغىلى بولمايتتى.

شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن جياۋ يۈلۈغا يېڭى پاختىلىق چاپان قىلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. كۆپچىلىك بۇ ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ تەسلىكىدىن ئەنسىرەشتى. چۈنكى، كۆز كىرگەندە ناھىيەلىك پارتكوم تەستىقلاپ بەرگەن ئوتتۇز توققۇز چى رەخت بېلىتىنى جياۋ يۈلۈ ئالغىلى ئۇنىماي قايتۇرۇۋەتكەنىدى. يولداشلار تەڭلىكتە قېلىشتى. ئاخىر ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنى قارار قىلىپ، بۇ ئىشنى جياۋ يۈلۈغا رەسمىي ئۇقتۇردى.

شيا فىڭمىڭ شۇجى جياۋ يۈلۈنى شەخسەن ئۆزى چاقىرىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭغا خىزمەت ئىشلەپ:

— ھازىر قارا قىش مەزگىلى، ناھىيەمىزدىن بارغان بىر ناھىيە شۇجىسىنىڭ ئۇچىسىدا تۇزۇكرەك بىر پاختىلىق چاپان بولمىسا سەت بولمامدۇ؟ بۇ ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ قارارى، بويسۇنۇشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى.

— يولداشلارنىڭ كۆڭلى ماڭا تېگىل بولدى، بىراق خىزمەت يۆتكەلگەن كادىرلارنىڭ بىرنەرسە ئېلىپ مېڭىشى ياخشى ئىستىل ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ناھىيەلىك پارتكوم ئامالسىزلىقتىن ۋىلايەتلىك پارتكومدىن يوليورۇق سورىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبىرى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ يولداشلارغا كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى، بۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. پاختىلىق چاپان تەييار بولدى، ئەمما جياۋ يۈلۇ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن لەنكاۋغا ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

ناھىيەلىك پارتكوم پاختىلىق چاپاننى لەنكاۋغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن لەنكاۋغا ئادەم ماڭدۇردى ۋە بارغان ئادەم جياۋ يۈلۇغا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇنداق قارار قىلغانلىقىنى، ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ تەستىق چۈشۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. جياۋ يۈلۇ ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ـ دە، شۇ يەردىلا پاختىلىق چاپاننى كىيدى. ئۇ ۋىلايەتلىك پارتكومغا ۋە ئۆلكىگە يىغىنغا بارغاندا شۇ چاپاننى كىيەتتى. ھازىر كىشىلەر كۆرۈۋاتقان جياۋ يۈلۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا چۈشكەن بىرنەچچە پارچە سۈرىتىدىنمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ پاختىلىق چاپاننى كىيىپ سۈرەتكە چۈشكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

لېكىن، جىياۋ يۇلۇنىڭ بالىلىرى يەنىلا جۇل - جۇل يالاڭ كىيىملەر بىلەن خۇددى قارلىغاچ بالىلىرىدەك شۇي جۇنيانىڭ ئۆپچۆرىسىدە تىترىشىپ يۇرۇشەتتى. يولداشلار بۇ ئەھۋالغا چىداپ تۇرالماي، ناھىيەلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن جىياۋ يۇلۇغا ئەللىك چى رەخت بېلىتى تەستىقلاپ بېرىلدى. جىياۋ يۇلۇ بۇ رەخت بېلىتىنى قەتئىي ئالمىدى ھەم ئۇلارنى تەنقىدلەپ:

— بۇنداق قىلىساڭلار بولمايدۇ، دۆلەت ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتا تۇرۇۋاتىدۇ. كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن دۆلەتنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى، پىلانلىق تەمىنلەيدىغان ئەشيالارنى ئارتۇق ئالماسلىقى كېرەك، كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىر مەزگىللىك سوغۇقنى چىشلەپ ئۆتكۈزۈۋەتسىمۇ بولىدۇ! — دېدى.

جىياۋ يۇلۇ ئۆزىگە ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى، «مىجەزى غەلىتە» ئىدى. ئەمما، ھەمىشە ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار يولداشلارنى ئويلايتتى، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە پۇل - پۇچەك، يېمەك - ئىچمەكتە قىسىلىپ قالغان دېھقانلارغا ئاشلىق ئەۋەتىپ بېرەتتى.

جىياۋ يۇلۇنىڭ مائاشى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بالىلىرى جىق، ئانىسى بىلەن چوڭ قىزى شۇفېڭ تېخىچە يېزا نوپۇسى ئىدى. سەككىز ئادەمنىڭ نورمىسىنى ئۇن ئادەم يەيتتى، مائاشى ئاي ئاخىرىغىچە يەتمەي ناھىيەلىك پارتكوم ئورگىنىنىڭ زاپاس فوندىدىن قەرز ئالاتتى.

جىياۋ يۇلۇ كۆك نامرات پېتى كېتىپ قالدى. ناھىيەلىك پارتكوم ۋە پاراۋانلىق تارماقلىرى مۇزاكىرە قىلىپ، جىياۋ يۇلۇنىڭ قەرزلىرىنى كوللېكتىپ پاراۋانلىق فوندى نامىدا

كۆتۈرۈۋېتىشنى قارار قىلدى. بىراق جياۋ يۈلۇ لەنكاۋغا بارغاندىن كېيىن ئىقتىسادچانلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئۆزاق ئۆتمەي بىر يۈز ئوتتۇز يەتتە يۈەن قەرزىنى تولۇقى بىلەن پوچتىدىن سېلىۋەتتى. ئۇنى چۈشىنىدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئىچ ئاغرىتقان ھالدا:

— ئۇ بۇ پۇللارنى ئىنتايىن جاپادا ئىقتىساد قىلغان، — دېيىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى





# لەنكاۋغا بارغان دەسلەپكى چاغلار

لەنكاۋ ناھىيەسى لەنياڭ، يىفېڭ ۋە كاۋچېڭدىن ئىبارەت ئۈچ ناھىيە بىرلەشتۈرۈلۈپ تەسىس قىلىنغان ناھىيە ئىدى. بۇ ناھىيە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنىغا جايلاشقان. خۇاڭخې دەرياسى ناھىيە تەۋەسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىن ئۆركەشلەپ ئېقىپ ئۆتۈپ، شەرقىي توسمىنىڭ بېشىغا كەلگەندە جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ جىددىي بۇرۇلۇش ياساپ، ئاندىن غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ، مەشھۇر خەتەرلىك بۆلەكنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

مىلادىيە 1477 ـ يىلىدىن 1885 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، خۇاڭخې دەرياسى لەنكاۋ ناھىيەسى تەۋەلىكىدە يىگىرمە توققۇز قېتىم يار ئېلىپ كەتكەن، ئېقىنىنى ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتكەن، چوڭ توسما سەككىز قېتىم سۇ ئاستىدا قالغان، كىرەكتىن چىققان چوڭ ـ كىچىك دامبىلار بىلەن خۇاڭخې دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنى پۈتكۈل ناھىيە دائىرىسىدە بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكتىن، تۈرلۈك ئاپەتلەر ئۈزۈلمەي يۈز بەرگەن. تەزكىرە كىتابلاردا: «يىلدا ئۈچ قېتىم ئاپەت، ئۈچ يىلدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق، تۆت يىلدا ئېغىر ھۆلچىلىك يۈز بېرىدۇ، بۇغدايلار قۇرۇپ كېتىدۇ، كۆزدە ئېتىز ـ دالىنى سۇ بېسىپ كېتىدۇ»، «ئۈچ ئادەم بىللە سەپەرگە چىقسا ئارىدىن ئىككىسى قالىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

خۇاڭخې دەرياسى كۆپ قېتىم تېشىپ ئېقىننى ئۆزگەرتكەچكە، پۈتكۈل ناھىيە ئېدىرلار تۇتىشىپ كەتكەن، ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرى قاپلىغان ئالاھىدە يەر شەكلى ھالىتىگە كىرىپ قالغان. قۇم بوران ئەدەپ، يەرلەر شورلىشىپ، ھۆلچىلىك يامراپ كەتكەن. «قىش ۋە ئەتىيازدا قۇم بوران كۈچلۈك، ياز بىلەن كۈزدە ھۆلچىلىك يامان. بىر ياز ئىشلەپ ئالالماس بىر دان، دورغىلارغا ئەلنىڭ قارغىشى يامان. قەھەتچىلىكتىن قېرى - ياش قاچقان، بالىلىرىنى ياتلارغا ساتقان، ئاتا - ئانىلىرى ئاچلىقتا جانلىرىدىن جۇدا بولغان» دېگەن بۇ ئېچىنىشلىق خەلق ناخشىسى لەنكاۋدا ئۇزاق يىل تارقىلىپ يۈرگەنىدى.

جياۋ يۈلۇ لەنكاۋغا دەسلەپ بارغاندا بۇ ناھىيە ئۈچ يىل داۋام قىلغان تەبىئىي ئاپەتنىڭ ھۇجۇمىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان، پۈتكۈل ناھىيەنىڭ سۇ ئىشلىرى ئىنشائاتى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغانىدى. قىشتا قاردىن ئەسەر يوق، ئۇدا ئۈچ يىل ئەتىيازدا يامغۇر ياغمىغان، يىگىرمە بىر مىڭ مو يەردىكى بۇغداينى قۇم بوران نابۇت قىلىۋەتكەن، يىگىرمە مىڭ مو يەردىكى زىرائەتنى كۈزدە توختىماي ياغقان يامغۇر سېسىتىۋەتكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئون مىڭ مو يەردىكى دانلىق زىرائەت مايسىسى شور تۈپەيلىدىن قۇرۇپ كېتىپ، پۈتۈن يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىدىن تۆۋەنلەپ كەتكەنىدى.

پۈتۈن ناھىيەدىكى توققۇز رايون ئىچىدە يەتتە رايون ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان بولۇپ، ئاشلىق، كۆمۈر، ئوت - چۆپ، تۇرالغۇ ئۆي يېتىشمەيتتى، يەرلەر قاقاسلىشىپ، ئاھالە سىرتقا قېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۈچ يۈز ئاتمىش مىڭ خەلق بىرەر ئادەمنىڭ

ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۆزلىرىگە كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك مەسىلىسى ھەل بولىدىغان بىرەر يولنى كۆرسىتىپ بېرىشىگە موھتاج ئىدى.

جياۋ يۈلۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان مەزگىل جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلغان، سوۋېت تەرەپ مۇتەخەسسىسلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىقىپ كەتكەنىنىڭ ئۈستىگە قەرزىنى سۈيلەۋاتقان، ئامېرىكا بىلەن جياڭ جېيشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چوڭ قۇرۇقلۇققا تەھدىت سېلىۋاتقان، خەلقئارادىكى ئەكسىيەتچى كۈچلەر جۇڭگوغا قارشى دولقۇن قوزغاۋاتقان مەزگىل ئىدى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر، خەلقنىڭ تۇرمۇشى تولىمۇ مۈشكۈل ئىدى.

1962 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ باشلىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى جياۋ يۈلۇ بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا ئۇنىڭغا ئېنىق قىلىپ:

— لەنكاۋ ئەڭ نامرات، قىيىنچىلىقى ئەڭ ئېغىر ناھىيە. ئىدىيەڭىزدە ئەڭ ئېغىر سىناقنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق بولۇشى كېرەك، — دېدى.

جياۋ يۈلۇ قەتئىي ھالدا:

— پارتىيەنىڭ مېنى ئەڭ جاپالىق جايغا ئەۋەتكەنلىكىگە رەھمەت. تەشكىل مەندىن خاتىرجەم بولسۇن، لەنكاۋنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ ئۇ يەردىن ھەرگىز كەتمەيمەن، — دېدى.

تەشكىل جياۋ يۈلۇغا ئالدى بىلەن بالىچاقىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خىزمەتكە چۈشۈشنى ئېيتقانىدى، لېكىن جياۋ يۈلۇ ۋاقىتنى كەينىگە تارتماي لەنكاۋغا باردى. جياۋ يۈلۇنىڭ جىگەر ياللۇغى كېسەللىك ئالامىتى شۇ

چاغدىن تارتىپ كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ يۈشىدىكى چېغىدىلا جىگىرى ئاغرىپ كەتسە، ئاغرىغان يەرگە قەلەم، قوناق شادىسى ۋە پەي قاققۇنىڭ سېپىنى تىرەپ ئاغرىق توختىتاتتى. تەشكىل كېسەل ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان جياۋ يۈلۇنى لەنكاۋغا ھەقىقەتەن ئامالىنىڭ يوقلۇقىدىن يۆتكىگەنىدى. ئۇنىڭدىن ئاۋۋال ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرمۇنچە نامزاتلارنى ئويلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدە جاپاغا چىداش روھى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ھازىرلىغان جياۋ يۈلۇدىنلا تەشكىل ئەڭ خاتىرجەم ئىدى.

جياۋ يۈلۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپ يېرىم يىلدىن كېيىن، ۋىلايەتلىك پارتكوم بىرەيلەننى لەنكاۋ ناھىيەسىگە مۇئاۋىن شۇجى ھەم ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ لەنكاۋ ناھىيەسىگە ئەۋەتمەكچى بولغانىدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بەش نەپەر كادىر بىلەن سۆزلەشكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سالامەتلىكىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، بەزىلىرى ئىقتىدارى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ باھانە كۆرسەتتى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاخىرى بىر ئامال تېپىپ، جياۋ يۈلۇ كىمنى كۆرسەتسە شۇنى ئەۋەتىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ، جاپادىمۇ ـ ھالاۋەتتىمۇ، شان ـ شەرەپ ۋە ئار ـ نومۇس ئالدىدىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە تۇرالايدىغان، ئۆزىگە يېقىندىن ماسلىشالايدىغان، قولىغا قول ۋە پۇتىغا پۇت بولالايدىغان ياخشى يولداشتىن بىرنى تاللاش جياۋ يۈلۇنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. جياۋ يۈلۇ شىنجياڭلىق ھېلىقى چېڭ شىيگىنى تاللىدى. جياۋ يۈلۇنىڭ قارىشىچە «ئۇ مىجەزى چۈس، مەردانە، ئاكىلىق سۈپەتكە ئىگە ئادەم» ئىدى.

1962 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، لەنكاۋ ناھىيەسىدە ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى چاقىرىلدى. يىغىننىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى جياۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرىسى



يولى ئۆز قولى بىلەن تۈزەتتى ۋە بەش نۇقتىلىق پىكرىنى قوشتى:

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك تەربىيە پائالىيىتى ئارقىلىق ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى ۋە ئاممىغا ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇتۇپ، نىشان ۋە يولنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە سىنىپىي ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش.

ئىككىنچى، ئىشنى ئىشلەپچىقىرىشتىن باشلاپ (ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەترەتلەر ئىشنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئاپەتتىن قۇتۇلۇشتىن باشلاش)، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش.

ئۈچىنچى، ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت تەربىيەسى ئارقىلىق كادىرلارنىڭ ئىدىيەۋى سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، كادىرلار ئىستىلىنى ياخشىلاش.

تۆتىنچى، ئون ئالتە ماددىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش.

بەشىنچى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى سىلىشتۇرۇپ باھالاش ئاساسىدا ئىلغارلارنى تەقدىرلەش. كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ياخشى يولغا قويۇش، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش بايرىقىنى تىكلەش.

جياۋ يۈلۇ راستىلا بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئىرادىسىگە كەلگەنىدى. ئۇ يول باشلاپ ماڭغان ھارۋىكەشتەك ئاممىنى يېتەكلەپ كېتىۋاتاتتى. سوغۇق شىمال شامىلى، لەيلەپ يېغىۋاتقان قاردا قەھەتچىلىك دەستىدىن قاچقان خەلقنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل، چىرايلىرى ساماندەك سېرىق، ۋوگزالنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا،

پويىز كۈتۈش زالىدا، بېلەت سېتىش ئورنىدا، لەمپە ئاستىدا ئۇزۇنسىغا ۋە توغرىسىغا يېتىپ كەتكەن ئادەملەر... پاناھلانغۇدەك يەر تاپالمىغانلار قار يېغىلىپ مۇز تۇتۇپ كەتكەن ۋوگزال سۇپىسىدا تىزلىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇشقان، قورسىقى ئاچقان ۋە ھاردۇق يەتكەن گۆدەكلەر كۆزلىرى ياش ھالدا ئانىلىرىنىڭ قۇچاقلىرىغا تۇگۇلۇپ كىرىپ كېتىشكەن. قار ئۇچقۇنلىرى ئۇلارنىڭ ياداڭغۇ ۋە زەپىرانىدەك چىرايلىرىغا قونۇپ تۇرغان.

پويىز توختا - توختىماستىنلا بوۋاي - مومايلار بىلەن ئۇششاق بالىلىرىنى يېتىلىگەن كىشىلەر توپى ئۆزلىرىنى ھەم يېپىلغان ۋاگونلارنىڭ ئىشىكلىرىگە ئاتاتتى، قىستا - قىستاڭدا بالىلىرىنى چاقىرىشاتتى. جياۋ يۈلۈ ۋە ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ بەزىلىرى ياشانغانلار ۋە ئاياللارنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ۋە بەزىلىرى ئۇششاق بالىلارنى كۆتۈرۈپ ۋاگونلارغا سېلىپ قوياتتى. قەھەتچىلىك سەۋەبىدىن يۇرتىدىن قاچقان ئەڭ ئاخىرقى بىرەيلەن ۋاگونغا ئېسىلىپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن پويىز ئاستا قوزغىلىپ لەنكاۋ ۋوگزالىدىن يۈرۈپ كەتكەن چاغدا كېسەل تۇپەيلىدىن ئاجىزلاپ كەتكەن جياۋ يۈلۈنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى... كوممۇنىستىك پارتىيەنىڭ بىر ناھىيە شۇجىسى بولۇپ تۇرۇقلۇق قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ئامال قىلالماي، ئۇلارنىڭ قەھەتچىلىك دەستىدىن يۇرت - ماكانلىرىنى تاشلاپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇش كىشىنىڭ قەلبىنى نەقەدەر ئېغىر ئازابقا سالىدىغان ئىش - ھە !

جياۋ يۈلۈ ۋوگزالدىن ناھىيەلىك پارتكومغا قايتقاندىن كېيىن، پارتكومدىكى بارلىق خادىملارغا مۇنداق ئىككى ئېغىز

www.uyghurkitap.com

گەپ قلدى:

— ئاپەتكە ئۉچرغان ئاما بزنڭ قېرنداشلرمز، بز ۋەزپمزنڭ هۆددسدن چقالمغاچقا، ئۉلار قەهەتچلك سەۋەبدن يۉرتلرنى تاشلاپ كەتتى. پارتيە ئۉچ يۉز ئاتمش مڭ ئاممنى بزگە تاپشۉرغان، بز ئۉلارنى قەهەتچلك ئۉستدن غەلبە قلدغان يولغا باشليالمدۉق، بۉ بز ئۉچۉن بر نومۉس.

جياڭ يۉلۉنڭ سۆزنى ئاڭلغان دائمي هەيئەت ئەزالرنڭ باشلرى كەينى - كەيندن سلنپ كەتتى.

شۉ پەيتنڭ ئۆزدە، جياڭ يۉلۉ پۉتۉن ۋۉجۉدى بلەن لەنكاۋدكى «ئۉچ ئاپەت»نى تزگنلەش نيتگە كەلگەندى.

جياڭ يۉلۉ لەنكاۋغا كەلگەن كۉننڭ ئەتسى ئۉچ دەرجلك كادرلا يغندا قشلق ئشلەپچقرش ۋە ئاپەتتن قۉتقۉزۉش خزمتنى كونكرېت ئورۉنلاشتۉردى. ئۉچنچى كۉنى ئاپەت ئەهۋالى ئېغر چېڭگۉەن رايونغا باردى. ئۉ شۉيگۉڭجۉاڭ كەنتدن خوجى كەنتگە، خوجى كەنتدن شۉيلۉ كەنتگە باردى... ئاپەت ئەهۋالنى بر - برلەپ تەكشۉردى.

جياڭ يۉلۉ لەنكاۋنڭ هەربر تال ئوت - چۆپى ۋە هەربر ئېدر ۋە هەربر پارچە ئېتزغا دققەت قلدى. ئۉ ۋۉمياۋدكى قۉم دۆڭلۉكگە بېرپ:

— بۉ يەرگە كۉچەپ قويساق بوراندن ساقلانغلى، قۉمنى تۉراقلاشتۉرغلى بولدۉ، برنەچچە يلدن كېين بۉ يەر يېشل ئورمانلققا ئايلنندۉ، — دېدى.

گۉجۉاڭنەندكى شورلۉقنى كۆرۉپ:

— شورلۉقنى بر ئامال قلپ تزگنلەش، ئاندن يېشللققا ئايلاندۉرۉش كېرەك، — دېدى.

جياۋ يۈلۈ ناھىيەلىك پارتكوم قورۇسىنىڭ شىمالىدىكى كۆلچەك بويىغا كېلىپ:

— بۇ كۆلچەككە نىلۇپەر تېرىپ، بېلىق باقايلى، — دېدى.

چەكسىز ئۈمىدكە تولغان جياۋ يۈلۈ خۇشاللىق بىلەن كۆپچىلىككە:

— لەنكاۋدا نى - نى ئىشلارنى قىلغىلى بولىدىكەن، ئەمدىكى گەپ ئىش قىلىشتا، ئىنقىلاب قىلىشتا قالدى، — دېدى.

جياۋ يۈلۈ لەنكاۋغا كەلگەن تۆتىنچى كۈنى چېڭگۇەن رايونىغا قاراشلىق كونا خەنلىڭ كەنتىگە باردى... بەش كۈن داۋام قىلغان تەكشۈرۈش ۋە ئىسپاتلاش ئارقىلىق «چېڭگۇەن رايونىغا قاراشلىق خەنلىڭ گۇڭشېسىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى مۇستەھكەملەپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى دەسلەپكى قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتى ھەققىدە دوكلات»نى يېزىپ، كېيىنكى قەدەمدىكى خىزمەت توغرىسىدا: «خەنلىڭ گۇڭشېسىنىڭ يەرلىرى قۇملۇق، شور ئاز، كۆچەت قويسا ۋە ئاشلىق تېرىسا بولىدۇ، بولۇپمۇ خاسىڭ تېرىش ۋە پاۋلونىيە دەرىخى ئۆستۈرۈش ئەڭ مۇۋاپىق» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

لەنكاۋ ناھىيەسى تارىختا ئەلا سۈپەتلىك پاۋلونىيە ياغىچى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەملىكەت مىقياسىدا شۆھرەت قازانغان ناھىيە ئىدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش»تە خېنەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىدە چوڭ كۆمۈر كان بار ئىدى. پولات تاۋلاش ئۈچۈن ياغاچ كۆمۈرنى خېنەننىڭ مەركىزىدىن تۇركۇملەپ يۆتكەشكە توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ياپيېشىل پاۋلونىيە يۇرتىدا دەرەخلەر كېسىلىپ، زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى.

www.uyghurkitap.com

دەل ـ دەرەخلەر سان ـ ساناقسىز خۇمدانلاردا كۆيدۈرۈلۈپ، ياغاچ كۆمۈر ھېسابسىز ماشىنىلار ئارقىلىق خېنەنىنىڭ غەربىگە توشۇلدى ۋە خام تۆمۈر داشقاللىرىنى كۆيدۈرۈشكە ئىشلىتىلدى.

نەتىجىدە، لەنكاۋدا «ئۈچ ئاپەت» — قۇم بوران، ھۆلچىلىك ۋە شورلۇق يىلمۇيىل ئېغىرلىشىپ، ئاپەت ئۈستىگە ئاپەت قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ تارىختا شەكىللەنگەن بۇ سۇنئىي ئاپەتنى كىمگە تايىنىپ تىزگىنلەش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تارىخ ۋە خەلق جىياۋ يۈلۇنى تاللىدى.

تۇتاش كەتكەن ئېدىرلارنى تاشلاپ كەينىگە،
ئاقىدۇ خۇاڭخې دەرياسى شەرق تەرەپكە.
«ئۈچ ئاپەت»نى يوقىتىش ئۈچۈن پارتىيە،
ئەۋەتتى ياخشى شۇجى جىياۋ يۈلۇنى بىزگە.

ئۈچ يىلدىن كېيىن «ئۈچ ئاپەت» تۈپ يىلتىزىدىن تىزگىنلىنىپ، پاۋلونىيە دەرەخلىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدى ئەتراپقا تارقالغاندا، لەنكاۋلىقلار مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

# دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن شەخسىي مەنپەئەتنى ئېنىق ئايرىش

ماۋ زېدۇڭ: «سىياسىي لۇشيەن بەلگىلەنگەندىن كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ» دېگەنىدى. جياۋ يۈلۇ بۇ گەپنى ئامىنىڭ چۈشىنىشىگە لايىقلاشتۇرۇپ: «كادىرلار باش بولمىسا، سۇ كالىسى چېغىدا قۇدۇقتا چۈشۈپ كېتىدۇ» دەپ چۈشەندۈردى.

جياۋ يۈلۇ بۇ مەشھۇر سۆزىگە يۇشىدىكى ۋاقىتىدىلا مۇنداق تەبىر بەرگەنىدى: سوقىغا قېتىلغان ئۆكۈز ئاجايىپ كۈچلۈك، بىراق ئۆكۈزنى يېتىلەپ ماڭىدىغان ئادەم بولمىسا، ئۇ ئېتىزلىقتىكى قۇرۇپ قالغان قۇدۇقتا چۈشۈپ كېتىدۇ ـ دە، كۈچىدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ. كادىرلار ئاپەت رايونىدىكى «قۇدۇقتا چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئۆكۈز (ئامما)»نى باشلاپ ماڭغۇچىلاردۇر.

ئۇ يەنە:

ـــ يولداشلار ئارا ۋە يۇقىرى ـ تۆۋەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە ئىنقىلابىي دوستلۇق روھىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىنقىلابىي مۇھەببەتنى كۈچەيتىش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، خاتالىق ئۆتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، پرىنسىپاللىق مەسىلىلەردە كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلاردا بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش، بۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن پارتىيە ئىچىدە ئۆزئارا «يولداش» دەپ يېقىملىق ئاتاشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ھەم ئامما بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى يەنىمۇ قويۇقلاشتۇرۇش كېرەك، — دېدى.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچ، شىمال تەرەپتىن بوران گۈرۈلدەپ چىقىپ تۇراتتى، ھاۋا سوغۇق ئىدى. ئاتمىش ئىككى ياشلىق مۇئاۋىن ھاكىم جاڭ چى جياۋ يۈلۈغا تېلېفون بېرىپ، سىرتقا قېچىۋاتقان ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى نەسىھەت بىلەن توسۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى. جياۋ يۈلۈ شۇ ئان:

— سىز كەلمەڭ، — دېدى - دە، تېلېفوننى قويۇۋېتىپ، جاڭ چى تۇرۇشلۇق جايغا ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا:

— سىز ياشىنىپ قالدىڭىز. بوران بەك كۈچلۈك، ھاۋامۇ سوغۇق، ئارىلىق يىراق، سىزنى ماڭدۇرسام قانداق بولىدۇ، — دېدى.

قاتتىق ھاياجانلانغان جاڭ چى سىرتقا قېچىۋاتقان ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنى نەسىھەت بىلەن توسۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

— سىز پېشقەدەم يولداش، لەنكاۋدا ئۇزاق يىل ئىشلىدىڭىز. سىزنىڭچە، رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا قانداق ئىنكاسلار بار؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن جياۋ يۈلۈ.

— بىر قىسىم كادىرلار جاپادىن قورقىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ئاپەت ئالدىدا تۇگۈلۈۋالىدۇ، ئاپەت رايونىدىكى جاپادىن قېچىپ، بۇ يەردە قېلىپ خىزمەت قىلىشنى خالىمايدۇ.

— كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىدىن چاتاق چىقسا، بۇ زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىغاندىنمۇ خەتەرلىك. مۇشۇنداق ئىدىيەۋى

مەسىلىلەرنى دەرھال بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، ــ دېدى جياۋ يۈلۈ.

1963 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جياۋ يۈلۈ ئاممىدىن كەلگەن بىرمۇنچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ خەتلەردە چېڭگۈەن رايونى فېنياۋ گۇڭشېسىدىكى ئايرىم كادىرلارنىڭ مەسىلىلىرى ئىنكاس قىلىنغانىدى. ئۇ شەخسەن ئۆزى شۇ گۇڭشېغا بېرىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، بىر قىسىم كادىرلارنىڭ ئەمگەكگە قاراپ تەقسىم قىلىش سىياسىتىنى ئىجرا قىلماسلىق، بەزى كادىرلاردا خىيانەت قىلىش، كۆپ ئېلىۋېلىش، ھەتتا ئەمگەك كۈچى يالاپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش، يۇقىرى ئۆسۈم بىلەن قەرز بېرىش، كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچرىتىشتەك ئەھۋاللارنى بايقىدى.

جياۋ يۈلۈ دەرھال رايون ۋە گۇڭشې پارتىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن بىرلىكتە مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلدى ھەمدە ئەتىسى پۈتكۈل ناھىيەگە «فېنياۋ گۇڭشېسىدىكى ئايرىم پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيە ئىستىلى قەبىھلىشىپ قايسى دەرىجىگە بارغان؟» دېگەن مەزمۇندا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ: «ئاز ساندىكى كادىرلاردا پارتىيە ئەزالىرىغا خاس خىسلەت قالماپتۇ. ئۇلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ئۆتمۈشتىكى پومېشچىك، قورچاق بەگلەرنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىدىن ھېچقانداق پەرقى يوق، ھەقىقەتەن بۇزۇلۇپتۇ!» دەپ ئۇلارنى قاتتىق تەنقىد قىلدى.

جياۋ يۈلۈ پۈتۈن كادىرلار بىلەن ئاممىنى «سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە تەقسىماتنى ياخشى يولغا قويۇپ، كادىرلارنىڭ ئىستىلىنى ئەستايىدىل توغرىلاش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا» چاقىردى.

جياۋ يۇلۇنىڭ باللىرى كۆپ ئىدى، ئۆزىنىڭ ھەم خوتۇنىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قارىمىسا بولمايتتى، تۇرمۇشى ناھايىتى جاپالىق ئىدى. باھار بايرىمى كېلىشتىن بۇرۇن، لەنكاۋ ناھىيەلىك پارتكوم پاراۋانلىق قۇتقۇزۇشى بېرىلىدىغانلارنىڭ تىزىملىكىگە جياۋ يۇلۇنىمۇ كىرگۈزۈپ قويىدى.

جياۋ يۇلۇ ئورگان پارتىيە ياچېيكا شۇجىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭدىن:

— قۇتقۇزۇش بېرىشنىڭ قانچە شەرتى بار؟ — دەپ سورىدى.

— ئائىلىسى ئاپەت رايونىدا بولۇش، تۇرمۇشى مۇشكۇل بولۇش، ئۆزى ئىلتىماس قىلغان بولۇش... — دەپ جاۋاب بەردى ياچېيكا شۇجىسى.

— مېنىڭ ئائىلەم ئاپەت رايونىدا ئەمەس، ئۆزۈم ئىلتىماس قىلمىغان، نېمىشقا تىزىملىككە ئىسمىمنى كىرگۈزۈپ قويىسىلەر؟ — دېدى جياۋ يۇلۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇ يەنە كەسكىن ھالدا:

— قۇتقۇزۇش سوممىسى پەقەت ئۈچ ـ تۆت تەڭگىنىڭ مەسىلىسى ئەمەس، بۇ خىزمەتنى سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە ئورۇنلاش كېرەك. كادىرلار تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقنى ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ئىقتىسادچانلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ ھەل قىلسۇن. ھەممىمىزنىڭ مائاشى بار، — دېدى.

جياۋ يۇلۇ شۇ كۈنى كەچتە ئورگاننىڭ پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىدا:

— بىز ھەر ۋاقىت ئەڭ ئاۋۋال ئاممىنى ئويلىشىمىز كېرەك. بىز پارتىيە ئەزالىرى ئالدى بىلەن ئاممىنىڭ غېمىنى يېيىشىمىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ شادلىقىغا شېرىك بولۇشىمىز

كېرەك. دۆلەت بەرگەن قۇتقۇزۇشنى خالىغانچە ئالماسلىقتا ناھىيەلىك پارتكوم ئورگىنى پۈتۈن ناھىيەگە ئۈلگە بولۇشى كېرەك. مەن قۇتقۇزۇش پۇلىدىن بىر پۇڭمۇ ئالمايمەن ! — دېدى.

جياۋ يۈلۇنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن ئون نەپەر كادىر نەق مەيداندىلا قۇتقۇزۇش پۇلىنى ئالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردۈشتى.

ئەمما، تەشكىل مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق جياۋ يۈلۇنىڭ بالىلىرىنىڭ قىشلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى غەملىمۆپلىشى ئۈچۈن، غەمخورلۇق قىلىش ھېسابىدا ئۈچ جىڭ پاختا بېلىتى بېرىشنى قارار قىلدى. شۇ چاغدا ئۈچ جىڭ پاختا بېلىتىنى قولىغا ئېلىپ ناھايىتى خۇش بولدى، ئۇ چوڭ ئوغلىغا پاختىلىق چاپان، ئوتتۇرانچى ئوغلىغا پاختىلىق ئىشتان قىلىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ كاربۋاتتىكى كونىراپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ، پاختىلىرى كۆرۈنۈپ قالغان يوتقاننى يېڭىلاش خىيالىغا كەلدى. ناۋادا پاختىدىن يەنە ئازراق ئېشىپ قالسا، لاۋ جياۋغا بىر جۈپ پايپاق قىلىپ بېرىپ، كىيىپ يۈرگەن كونا پايپىقىنى يەڭگۈشلەپ قويماقچى بولدى.

لېكىن، جياۋ يۈلۇ ئۆيگە كېلىپلا پاختا بېلىتىنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتە قىلىپ:

— پاختا بېلىتىنى ھەممە ئادەمگە بېرىپتۇمۇ؟ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى ئالاھىدە بولۇۋالسا بولمايدۇ ! — دېدى.

پاختا سېتىۋېلىش ئىشى يوققا چىقتى. شۇ چاغدا كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان يەنە بىر ئىشنى يادىغا ئالدى: ئۆيىنىڭ ئالدىدا يوغان بىر كۆلچەك بار ئىدى. كۆپچىلىك جياۋ يۈلۇنىڭ باشچىلىقىدا كۆلچەكتە ئون مىڭدىن ئارتۇق بېلىجان باققانىدى. بېلىق بېقىۋاتقان يولداشلار جياۋ يۈلۇنىڭمۇ كۈچ چىقارغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

نەزەرگە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىز تېگىشى ئۈچۈن ئون دانە بېلىق ئەكېلىپ بەردى.

جياۋ يۈلۇنىڭ باللىرى بېلىقنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كېتىشتى. جياۋ يۈلۇ كېلىپ چوڭ ئوغلى گوچىڭنى بېلىقلارنى دەرھال بېلىق كۆلچىكىگە قويۇۋېتىشكە بۇيرۇدى ھەم ئۆيدىكىلەرگە:

— كوللېكتىپنىڭ نەرسىسىگە نېمىگە ئاساسەن ئېغىز تەگمەكچى بولۇپ قالدىڭلار؟ — دېدى.

شۈي جۈنيانىڭ ئاكىسى شۈي جۈنياغا ئوغلى شىنتەينى ناھىيەلىك پارتكومغا ئالاقىچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇشنى كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى. شىنتەي ساۋاتلىق، پوچېركىسى چىرايلىق ھەم چوتقا ئۇستا ئىدى. بىراق، جياۋ يۈلۇ:

— مەن ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى، دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە خىلاپلىق قىلىپ خالىغانچە ئادەم ئىشلەتسەم بولمايدۇ. ھازىر يېزا ئىگىلىكى زىيالىي ياشلارغا موھتاج، ئۇ كەڭ يېزىدا ئوبدان ئىشلەۋەرسۇن! — دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى.

جياۋ يۈلۇ لەنكاۋغا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىر كۈنى كەچ چىراغ تۈۋىدە ھۆججەت كۆرۈۋاتاتتى. چوڭ ئوغلى گوچىڭ تالادىن خۇشال كىرىپ ئاتىسىغا ئۆزىنىڭ بايا ئويۇن كۆرگەنلىكىنى دېدى. جياۋ يۈلۇ ئۇنىڭدىن بېلەتنى كىمنىڭ ئېلىپ بەرگەنلىكىنى سورىدى. گوچىڭ ئۆزىنىڭ جياۋ يۈلۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى دېگەچكە، بېلەت تەكشۈرگۈچى تاغىنىڭ كىرگۈزۈۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

جياۋ يۈلۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ:

— مۇشتۇمدەك تۈرۈپ بىر كادىرنىڭ بالىسى سالاھىيىتىدە بېلەتسىز ئويۇن كۆرۈپسەن، بېلەت ئالماي ئويۇن كۆرگىنىڭ

توغرىمۇ؟ — دېدى.

— مەن دېگەن كىچىك بالا، مەن بىلەن كىمنىڭ كارى.

— كىچىككىنە تۇرۇپ ئۇمۇمنىڭ مەنپەئەتىدىن نەپ ئېلىشنى كۆزلىسەڭ، چوڭ بولغاندا تېخىمۇ چوڭراق نەپ ئېلىشنى كۆزلەيدىغان بولۇپ قالىسەن، بۇ بەك خەتەرلىك! ئارتىسلار ئۈچۈن ئويۇن قويۇش ناھايىتى جاپالىق، بىكارغا ئويۇن كۆرۈش ئارتىسلارنى ئەزگەنلىك!

گوچىڭ ئاتىسىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىلدى ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىن «بېلەتسىز ئويۇن» كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. جياۋ يۈلۈ يانچۇقىدىن ئىككى مو پۇلنى ئېلىپ گوچىڭغا بەردى ۋە:

— كىچىكىڭدىن تارتىپ دۆلەت مەنپەئەتى بىلەن شەخسى مەنپەئەتنى ئېنىق ئايرىيدىغان پەزىلەتنى يېتىلدۈر. ئاتام شۇجى دەپ ئالاھىدە بولۇۋالما، ئەتە پۇلنى بىلەت تەكشۈرگۈچى تاغاڭغا بېرىپ، خاتالىقىڭنى تونۇ! — دېدى.

جياۋ يۈلۈ يۇشىدىكى ۋاقتىدىمۇ ئويۇن كۆرۈشكە ئامراق ئىدى، بۇنى كىشىلەر بىلەتتى. بىر كۈنى، ئۇ لەنكاۋ تىياتىرخانىسى ئالدىدا ئويۇن بېلىتى ئېلىش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتاتتى، بىرەيلەن ھەيران بولۇپ:

— جياۋ شۇجى، سىزمۇ ئۆچرەتتە تۇرۇپ بېلەت ئالامسىز؟ — دەپ سورىدى.

جياۋ يۈلۈ قاقاھلاپ كۈلۈپ:

— ئۆچرەتتە تۇرۇپ بېلەت ئالسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — دېدى.

جياۋ يۈلۈ يىگىرمە يەتتىنچى رەتنىڭ بېلىتىنى ئېلىپ ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى. تىياتىرخانا مەسئۇلى ئۇنىڭ ئارقا رەتتە

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— جياڭ شۇجى، ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

— رەھمەت، مەن مۇشۇ ئورۇننىڭ بىلىتىنى ئالغان، — دېدى ئۇ، — يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ شەھەرگە كىرمىكى ئاسان ئەمەس، ئويۇن كۆرۈش پۇرسىتىمۇ ئاز، ئالدىدىكى ئورۇندا شۇلار ئولتۇرسۇن!

تىياتىرخانا مەسئۇلى:

— ناھىيەلىك پارتكوم رەھبەرلىرىگە ئالدىدىن ئورۇن ئېلىپ قويۇلىدۇ، بۇ دېگەن كونا قائىدە! — دېدى.

بۇ كونا «قائىدە»دىن جياڭ يۇلۇنىڭ بۇرۇنلا خەۋىرى بار ئىدى. ناھىيەلىك پارتكومنىڭ بىر كونا رەھبىرى ئويۇن كۆرۈشكە ھېرىسمەن ئىدى. ئۇ بىلەت ئالمايتتى. «بىلەتسىز ئويۇن» كۆرىدىغان بىر توپ ئادەمنى باشلاپ كېلىپ ئۈچىنچى رەتتىكى ئورۇنلارنى ئىگىلەيتتى. ئامما بۇ رەھبەرنى «كونا ئۈچىنچى رەتنىڭ باشلىقى» دەپ ئاتىشاتتى.

بىر كۈنى، ناھىيەلىك پارتكومدىكى بىر كاتىپ ئالتىنچى رەتنىڭ ئويۇن بىلىتىدىن بىرنى ئېلىپ تىياتىرخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇدۇل جياڭ يۇلۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— جياڭ شۇجى ئويۇن كۆرەمسىز؟ مەن ئىچىدىن سىزگە بىر بىلەت ئاچىقتىم! — دېدى. جياڭ يۇلۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بىلەت ساتقۇچىنى تونۇمتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— ئۇ مېنىڭ ناھىيەلىك پارتكومدا ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

— مەن سىزگە ئىككى مو بېرەي، بىلەتنى ئۆچرەتتە تۇرۇپ كۆزنەكتىن ئېلىڭ، سىزنىڭ ناھىيەلىك پارتكومدا

ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇ بىلمىسۇن. ئۇ سىزگە نەچچىنچى رەتنىڭ بېلىتىنى بېرەركىن، — دېدى جياۋ يۈلۈ.

كاتىپ ناھايىتى تېزلا بېلەتنى ئەكەلدى: بېلەت ئوتتۇزىنچى رەت يان تەرەپنىڭ بېلىتى ئىدى.

ئويۇن كۆرۈش داۋامىدا ئىنكاس قىلىنغان ناتوغرا ئىستىلالارنى تۈزىتىش ئۈچۈن، جياۋ يۈلۈ ئىشنى ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلاپ، گوچىڭنىڭ «بېلەتسىز ئويۇن» كۆرگەنلىكىنى مىسال قىلىپ، ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلدى. ناھىيەگە قاراشلىق ئورگان كادىرلىرى يىغىنىدا بالىلىرىنى ياخشى تەربىيەلىمىگەنلىكى ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئۆزىنى تەكشۈردى. ناھىيەلىك پارتكوم جياۋ يۈلۈنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئىللەتلەرگە قارىتا «ئوننى قىلماسلىق» توغرۇلۇق ئۇقتۇرۇش چىقاردى: ھەرقانداق بىر كادىرنىڭ ئائالىمەدە بولۇۋېلىشىغا يول قويماسلىق، ھەرقانداق بىر كادىرنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىنىڭ «بېلەتسىز ئويۇن» كۆرۈشىگە يول قويماسلىق...

جياۋ يۈلۈنىڭ چوڭ قىزى جياۋ شۇفىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدى ـ دە، ھەسرەتلىنىپ ئۆيدىن تالاغا چىقماي يېتىۋالدى. جياۋ يۈلۈ:

— ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولسىڭىز، باشقا ئىش قىلىڭ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىنقىلابىي خىزمەت ناھايىتى كۆپ. كۈنبويى يۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرسىڭىز، قانداقمۇ ئىنقىلابىي ياشقا ئوخشايسىز؟ — دەپ تەنقىدلىدى ئۇنى.

شۇفىڭ گەپ قىلمىدى. جياۋ يۈلۈ يەنە خۇشخۇيلۇق بىلەن:

www.uyghurkitap.com

— تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگىنىڭىزنىڭ ئۆزى چوڭ ئىش! بىزنىڭ جەمەتىمىزدە كىم مەكتەپتە ئوقۇيالىغان؟ سىز بىزنىڭ ئائىلىمىزدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم! تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۆتەلمىگەن بولسىڭىز، ئەمىسە «يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى»دا ئوقۇڭ، ئەمگەككە قاتنىشىڭ، — دېدى.

شۇفىڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇ ئان بېشىنى چايقىدى. جياۋ يۈلۇ:

— يېزىغا بارمىسىڭىز، ئەمىسە ساتىراش بولۇڭ، — دېدى.

شۇفىڭ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى بولغان ئاتىسىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ، قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. جياۋ يۈلۇ ئۇنىڭغا بىرنەچچە پارچە كىتاب بېرىپ مۇلايىم ھالدا:

— بۇ كىتابلاردا بىرقانچە زىيالىي ياشنىڭ ئەمگەككە قاتناشقان ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرى تونۇشتۇرۇلغان. سىز ئوقۇپ چىقىپ، ئويلىنىپ تەسىراتىڭىز توغرۇلۇق مەن بىلەن پاراڭلىشىڭ، — دېدى.

ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ قىزى ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، تالاي كىشىلەر شۇجىنىڭ بۇ قىزىغا خىزمەت تېپىپ بېرىش ئۈچۈن كېلىشتى. بەزىلەر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ئىشتاتى كەمچىل دېيىشسە، يەنە بەزىلەر پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىگە ئادەم ئېلىۋاتىدۇ، دېيىشتى. جياۋ يۈلۇ قىزىغا كۆيۈنگەن شۇ يولداشلارغا:

— بۇنداق خىزمەتلەرنى ئۇنىڭغا سايە قىلماڭلار. ئۇ چوڭ بولۇپ مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە جىسمانىي ئەمگەك قىلىپ باقمىدى. ئۇنىڭغا جەزمەن ئەڭ ئېغىر ھەم جاپالىق ئىش تېپىپ بېرىش كېرەك. ئۇ ئەمگەك دەرسىنى تولۇقلىسۇن، — دېدى.

قىزى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا كىيىملىرى كونا بولغانلىقى ئۈچۈن ساۋاقداشلىرىنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىپ، دىلى ئازار يېگەن ۋە ئاتىسىغا:

— مەن بىر شۇجىنىڭ قىزى تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن ساۋاقداشلىرىمچىلىك بولالمايمەن، — دېگەنىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان جياۋ يۈلۈ:

— شۇجىنىڭ قىزى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرسا بولامدىكەن؟ كادىرلارنىڭ بالىلىرى جاپادا ئالدىدا تۇرۇشى كېرەك. پارتىيە سىلەرنىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارى بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۈچىڭىزدا يازدا يالاڭ چاپان، قىشتا پاختىلىق چاپان بار. پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ۋە ئىگىلىك ياراتقۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا، سىزنىڭ كۈنلىرىڭىز كۆپ ياخشى! — دېدى.

جياۋ يۈلۈ شۇفىڭنى شەخسەن ئۆزى يېمەكلىك پىششىقلاش زاۋۇتىغا ئاپىرىپ زاۋۇت باشلىقىغا:

— شۇفىڭ زاۋۇتىڭلاردا ۋاقىتلىق ئىشچى قاتارىدا ئىشلەپ ئەمگەك بىلەن چېنىقىدۇ، سىز ئۇنى جاڭيۇ گورۇپپىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇڭ، بۇ ئۇنىڭ پاسكىنىچىلىقتىن ۋە جاپادىن قورقىدىغان ئىدىيەسىنى ئۆزگەرتىشكە پايدىلىق. مېنىڭ قىزىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا باشقىچە قارىسىڭىز بولمايدۇ. ئۇنىڭغا بولغان ئىدىيەۋى خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش، ئۇنىڭغا تەلەپنى قاتتىق قويۇش كېرەك، — دېدى.

شۇفىڭ خىزمەتكە چۈشۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ئاتىسىغا ئىدىيە ئەھۋالىنى دوكلات قىلىپ:

— زاۋۇت مېنى ماگىزىنلارغا جاڭيۇ توشۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورى



بەلگىلىگەنىدى، دەسلەپتە خىجىل بولدۇم، كېيىن پارتىيەنىڭ تەلىمىنى ۋە سىزنىڭ تەربىيەڭىزنى ئويلاپ، ئەپكەش كۆتۈرۈپ كوچىغا چىقتىم. تونۇش ـ بىلىشلەر ماڭا كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ قىلىپلا قالماي يەنە مېنى ماختاپ كېتىشتى، — دېدى.

ناھىيەلىك پارتكومنىڭ بۇ شۇجىسى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئوبدان قىزىم، ئىلگىرىلەپسىز، ئاتىڭىز سىزدىن خۇشال، — دېدى.

# قاردا كىيىم ـ كېچەك يەتكۈزۈش

1973 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جياۋ يۈلۈ ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ سىرتقا قېچىشىنى توسۇشقا دائىر بىر مەسىلىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ سىرتقا قېچىشىنى نەسىھەت بىلەن توسۇش ياخشى چارە ئەمەس. قايناۋاتقان قازاننى سورۇپ توختىتىمەن دېمەي، ئۇچاقنىڭ ئوتىنى تارتىۋېتىش، ئاممىنى ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئوبدان تەشكىللەش كېرەك، — دېدى.

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى لەنكاۋ ۋوگزالى قىستا ـ قىستاڭ بولۇپ كەتتى. دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى باسقان ئاپتوموبىللار بىلەن يول توسۇلۇپ قالغانىدى. جياۋ يۈلۈ شەخسەن ئۆزى ۋوگزالغا بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن تەشكىللەنگەن تۆت يۈزدىن ئارتۇق ئادەمگە قوماندانلىق قىلدى ھەمدە بۇ قوشۇندىن قۇتقۇزۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ قولىغا تېزلىكتە يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق بىر كۈن بولدى. بۇ كۈنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پاختىلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى بېسىپ كەيفېڭدىن قوزغالغان ئاپتوموبىللار ناھىيەلىك توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى

ئالدىغا يېتىپ كەلدى. جياۋ يۈلۇ دەرھال ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كادىرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كېلىپ:

— بۇ بىر تۈركۈم پاختىلىق كىيىم - كېچەكلەرنى ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش كېرەك، — دېدى.

جياۋ يۈلۇ لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ كۆپچىلىكتىن توڭلىغان - توڭلىمىغانلىقىنى، مۇشۇنداق قار يېغىۋاتقان كۈنلەردە پاختىلىق كىيىم كىيمىسە قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان - بىلمەيدىغانلىقىنى سورىدى.

كۆپچىلىك كىيىم - كېچەك دۆۋىسىنىڭ ئەتراپىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ پاختىلىق كىيىملەرنى كېچىچە قولمۇقول تارقىتىپ بولۇشتى. تاڭ سەھەر سائەت بىردىن ئاشقاندا ئون مىڭ قۇر پاختىلىق كىيىم ئاساسەن تارقىتىلىپ بولدى. ئاخىرىدا جاۋىڭ گۇڭشېسىغا تېگىشلىك كىيىم - كېچەكلەر قېپقالدى. جياۋ يۈلۇ بەش نەپەر يولداشقا يۈزلىنىپ تۇرۇپ:

— بۇ بىر تۈركۈم كىيىم - كېچەكلەرنى ئالتەيلەن ھۆددىگە ئالدۇق ! يەتكۈزۈپ بېرەيلى، — دېدى.

ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پاختىلىق كىيىملىرى قول ھارۋىسىغا لىق بېسىلدى. كۈچلۈك شىمال بورىنى چىقىۋاتاتتى، توڭلاپ قېتىپ كەتكەن يەر تېيىلغاق بولۇپ كەتكەنىدى. جياۋ يۈلۇ قول ھارۋىسىنى سۆرەپ ماڭدى. ھارۋا مۇزلۇق يولدا پۇرژىنىدەك قاڭقىيتتى. جياۋ يۈلۇ ھاسىراپ، چىپ - چىپ تەرلەپ كەتتى. ياشلاردىن بىرنەچچىسى كەينىدىن كېلىپ ھارۋىنىڭ شوتىسىغا ئېسىلغان بولسىمۇ، جياۋ يۈلۇ ئۇلارغا ھارۋىنى بەرمىدى.

— ياشلار جياۋ يۈلۇغا كۈندۈزى خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، كېچىسى خىزمەتكە كۈچ سەرپ قىلىپ «ئىنقىلابنىڭ

دەسمايىسى»دىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى ئېيتتى.

جياۋ يۈلۈ هاسىراپ تۇرۇپ:

— ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇنداق جاپا دېگەن نېمىدى؟ شۇ تاپتا توڭلۇپ كېتىۋاتقان چوڭلار بىلەن بالىلارنى ئويلىغان ئادەم جاپا ۋە قىيىنچىلىقنى قىلچە ھېس قىلمايدۇ. ئىنقىلابنىڭ دەسمايىسىنى جايىغا ئىشلىتىش كېرەكقۇ؟ مەن هارۋا سۆرەپ كۆنۈپ كەتكەن، مەن سىلەردىن تەجرىبىلىك... — دېدى.

ئۇ هارۋا سۆرەپ كۆنۈپ كەتكەن... ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى نەملەشتى. بىر ياش ئېتىلىپ بېرىپ، جان ـ جەھلى بىلەن هارۋىنىڭ شوتىسىغا يېپىشتى. جياۋ يۈلۈ مۇلايىملىق بىلەن:

— بولدى تالاشماڭ! كۈچۈڭلارنى ئازراق بولسىمۇ ئاياڭلار، سەل تۇرۇپ پاختىلىق كىيىملەرنى ھەربىر ئائىلىگە يەتكۈزۈپ بېرىسىلەر... — دېدى.

ئالدى تەرەپتىن بىر توپ ئادەم كېلىشتى. ئۇلار جاۋ يىڭ گۇڭشېسىنىڭ كادىرلىرى ئىدى. بىرەيلەن نەپىسى يېتىشمەي قالغان جياۋ شۇجىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھالدا ئۈنلۈكدىن:

— سىز نېمىدەپ كەلدىڭىز؟ كېسەل تۇرۇپ ئېغىر يۈك بېسىلغان هارۋىنى سۆرەپ... — دېدى.

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. گۇڭشې هويلىسىغا كەلگەندە تاڭ خىرە ـ شىرە ئاقارغانىدى. جياۋ يۈلۈ سەنتۇرۇلگىنىچە ئۆيگە كىرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى، قولىنى ئوڭ تىزىغا قويۇپ، جەينىكىنى ئوڭ يىقىنىغا تىرىدى. ئۇنىڭ ياداڭغۇ چىرايى تامدەك ئاقىرىپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىك بىر قاراپلا جياۋ يۈلۈنىڭ جىگەر كېسىلىنىڭ يەنە قوزغالغانلىقىنى پەملەپ كۆڭلى يېرىم بولدى، ئەمما ھېچكىم بىرنەرسە دېيىشكە

www.uyghurkitap.com

پېتىنالمىدى.

بىرەيلەن جىياڭ يۈلۈنى ئىسسىنىۋالسۇن دېگەن ئوي بىلەن بىر قۇچاق ئوتۇن ئەكەلدى. جىياڭ يۈلۈ شۇ ھامان قولىنى چۆرۈپ:

— قار ياغقان كۈنلەردە ئامما ئوتۇندىن قىسىلىدۇ، ئوتۇننى خالىغانچە قالاپ تۈگىتىۋەتمەيلى! ھازىر بىزنىڭ ئىسسىنىدىغان ۋاقتىمىز ئەمەس. كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىمگە ئېھتىياجلىق ئاممىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋاقىت، — دېدى.

جىياڭ يۈلۈ بىر باغلام كىيىمنى مورىسىغا ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئەمدى گەپ قىلىدىغان يېرى قالمىغانىدى، ئۇلارمۇ ھەربىرى بىر باغلامدىن كىيىم - كېچەكنى كۆتۈرۈپ مېڭىشتى.

تەنھا بىر بوۋاينىڭ ئۆيىدىن كۆزلىرى ياشلانغان ھالدا چىققان جىياڭ يۈلۈ ئەتراپىدىكىلەرگە:

— يولداشلار! بىز ئاممىغا يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمەپتۇق! قېلىن قار دەستىدىن ئىشىك - دېرىزىلەر ئېتىلىپ قالغان مۇشۇنداق بىر كېچىدە بۇ بوۋاي كېچىچە ئەسكى چاپاننى يېپىنىپ ئولتۇرۇپ چىقىپتۇ. پارتىيەدىن قۇتقۇزۇش تەلەپ قىلماپتۇ. مۇشۇنداق ئاممىنى بىز نەدىن تاپىمىز؟ نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار قەيسەر روھ بۇ! ئەمدى ئۆزىمىزگە نەزەر سېلىپ باقايلى، بىز ئۇلارغا زادى قانچىلىك ئىش قىلىپ بەردۇق؟ بۇنىڭدىن خىجىللىق ھېس قىلمايمىزمۇ؟ — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەممەيلەننىڭ بېشى سېلىندى. جاپا تارتقان ئادەم جاپانىڭ نېمىلىكىنى بىلىدۇ، جاپانىڭ نېمىلىكىنى بىلگەن ئادەم جاپاكەشلەرگە خەيرخاھلىق قىلىدۇ.

قار لەپىلدەپ يېغىۋاتقان كېچىدە ئۆينىڭ پېشايۋىنىدا چوكا

مۇزلار ساڭگىلاپ تۇراتتى، ھۇۋۇلداپ چىقىۋاتقان سوغۇق شىمال بورىنى يۇزلەرگە نەشتەردەك تېگەتتى. بېشىغا يالاڭ شەپكە، ئۇچىسىغا قارا كونا چاپان كىيگەن جياۋ يۇلۇ چويۇندەك مۇز تۇتۇپ كەتكەن ھويلىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تىترەيتتى. مۇشۇنداق زەھەردەك ئاچچىق سوغۇق كۈنلەردە ناھىيە تەۋەسىدىكى يۇقرالار قانداق ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىچۇ؟

جياۋ يۇلۇ بىر كېچە قاتتىق ئويلىنىپ، ئەتىسى ئىشخانىسىغا كەلدى ـ دە، خىزمەتچىلەرگە قار ياغقان كۈنلەردە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئىشنى ئوبدان ئىشلەش ھەققىدە ھەرقايسى گۇڭشېلارغا ئۇقتۇرۇش قىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇقتۇرۇش تۆۋەندىكىدەك مەزمۇندا ئىدى:

بىرىنچى، بارلىق يېزا كادىرلىرى ھەربىر ئائىلىگە كىرىپ قىيىنچىلىق ئەھۋالىنى سوراش، ئۆيى يوقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قازان ئاسالمىغان ئائىلىلەر بايقالسا دەرھال ھەل قىلىش.

ئىككىنچى، يېزا خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان بارلىق يولداشلار ئېغىل ۋە قوتانلارنى تەكشۈرۈش، قېرى، ئاجىز، كېسەلمەن چارۋىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، بىرمۇ چارۋىنىڭ توڭلاپ ئۆلۈپ كەتمەسلىكىگە ياكى توڭلاپ ناكار بولۇپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش.

ئۈچىنچى، ئۆيئىچى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش.

تۆتىنچى، ترانسپورت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىۋاتقان ئادەم ۋە ئۇلاغ قار ئارىلاش بوراندا يولدا قالغان بولسا، قايسى چوڭ ئەترەت تەۋەسىدە بولسۇن، شۇ چوڭ ئەترەت قىزغىن كۈتۈۋېلىش، تويۇندۇرۇش، ئىسسىق ئورۇن بىلەن تەمىنلەش.

www.uyghurkitap.com

بەشىنچى، قېلىن قاردا دېھقانلارنىڭ ئىشىكى تاقىلىپ قالغاندا، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى دەرھال ئامما ئارىسىغا بېرىش، جاپا ـ مۇشەققەت ۋە راھەت ـ پاراغەتتە ئامما بىلەن بىللە بولۇش.

ئالتىنچى، ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ناھىيەلىك پارتكومغا تېزدىن دوكلات قىلىش.

ئۇقتۇرۇش كېچىلەپ تارقىتىلدى. ئۇ ئەتىگەندە كادىرلارغا بۆلۈنۈپ تەكشۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

جياۋ يۈلۇ نەچچە ئون چاقىرىم يول بېسىپ توققۇز كەنتكە باردى. قىيىنچىلىقى بار ۋە كېسەل بېقىۋاتقان نەچچە ئون ئائىلىدىن ھال سورىدى.

جياۋ يۈلۇ لياڭسۇن كەنتىگە باردى. ئۇ كېسەلچان لياڭ جۇنسەينىڭ ئۆيىگە كىرىپ، لياڭ چوڭ ئانىنىڭ كۆزى كۆرمەس مېيىپ ئىكەنلىكىنى بايقىدى. جياۋ يۈلۇ لياڭ جۇنسەي بوۋاينىڭ كارىۋىتى بېشىدا ئولتۇرۇپ:

— بوۋا كېسىلىڭىز قانداقراق؟ قانداق قىيىنچىلىقىڭلار بار؟ — دەپ سورىدى.

ياشانغان لياڭ جۇنسەي كارىۋاتتىن ئۈندەرىگەندەك ئۆرە بولۇپ، تورلاشقان كۆزلىرىنى بۇ ناتونۇش ئادەمگە تىكىپ:

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى.

— مەن سىلىنىڭ ئوغۇللىرى، — دەپ جاۋاب بەردى جياۋ يۈلۇ چوڭقۇر مېھرى بىلەن.

— ئوغۇللىرى؟ — دېدى لياڭ جۇنسەي دەرگۇمان بولۇپ.

ئارىدىن بىرەيلەن لياڭ جۇنسەيگە:

— ئۇ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى جياۋ يۈلۇ بولىدۇ، — دېدى.

لياڭ جۇنسەي بىلدى، لېكىن يەنىلا چۈشىنەلمەي:

— جياۋ شۇجى، شۇنچە قېلىن قاردا نېمە قىلغىلى كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ماۋ جۇشى مېنى سىلىنى يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتتى! — دېدى.

لياڭ جۇنسەي هاياجانلاندى. ئۇ هېچقانداق خىجالەتتى يوقلۇقىنى ئېيتتى. ئۇ پېشقەدەم كەمبەغەل دېھقان بولغاچقا، خەلق هۆكۈمىتىگە ئېغىرىنى سالغۇسى يوق ئىدى. جياۋ يۈلۈ يېنىدىن يىگىرمە يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلىنى چىقىرىپ، لياڭ جۇنسەيگە بەردى ۋە:

— لياڭ بوۋا، بۇ ئازغىنا پۇل بىلەن كۆتۈنۈپ تۇرسىلا، ئەترەتكە دەپ قويىمەن، ئۇلار ئەتە ئەتىگەندە ئۆيلىرىنى ئوڭشاپ بېرىدۇ، — دېدى.

لياڭ جۇنسەي پۇلنى ئېلىپ جياۋ يۈلۈنىڭ قولىنى قويۇپ بەرمەي:

— يولداش، كونا جەمئىيەتتە قار قېلىن ياغقان بىر چاغان هارپىسى كۈنى پومېشچىكنىڭ يەر ئىجارىسىنى تۆلىيەلمەي قالغانىدىم، قورچاق تۇتۇنېگى ئۆيۈمنى پېچەتلىۋەتكەنىدى، مانا بۈگۈن... — دېدى.

1963 - يىلى 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، يەنى دېھقانلار كالېندارى بويىچە چاغاننىڭ هارپا كۈنى، جياۋ يۈلۈ ئەتىگەندىلا ئالدىراش ئۆيدىن چىقىپ چېڭگۈەن رايونىدىكى كادىرلارغا:

— ئەتە چاغاننىڭ بىرىنچى كۈنى، هەممىڭلار تۈۋەنگە چۈشۈڭلار، بارلىق گۈڭشې ئەزالىرىنىڭ تويغۇدەك تاماق يېيەلىشىگە كاپالەتلىك قىلىڭلار، — دېدى.

جياۋ يۈلۈ دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇشىنى نەچچە قېتىم رەت قىلغان

شۇي گۇڭجۋاڭنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ ئەترەت باشلىقى سۇڭ باۋجۇڭدىن:

— گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

سۇڭ باۋجۇڭ:

— چاتاق يوق. تويغۇدەك تاماق يېيەلەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

جياڭ يۈلۇ ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن بىرنەچچە ئائىلىگە كىردى. ھېچقانداق مەسىلە يوقلۇقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ئاندىن ناھىيەگە قايتتى. چۈشتە جياڭ يۈلۇ تۇيۇقسىزلا شۇي گۇڭجۋاڭنىڭ ئۆيىگە يەنە كىردى. مەقسىتى ئۇنىڭ زادى نېمە يەۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئىدى. خوتۇنى قىزىل قوناق مومىسى يەۋاتاتتى، سەكسەن ياشلىق بوۋاي سۇڭ دېخېمۇ تاماق يەۋاتاتتى.

جياڭ يۈلۇ ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن خۇڭمياۋ رايونىغا يەنە باردى. رايون كادىرلىرى پوتاۋجيا گۇڭشېسىغا قاراشلىق تۇشەنجەي كەنتىنىڭ ئەڭ نامرات كەنت، ۋاڭ لىيەنبىي ئائىلىسىنىڭ كەنت بويىچە ئەڭ كەمبەغەل ئائىلە ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىشتى. دەرۋەقە جياڭ يۈلۇ ۋاڭ لىيەنبىينىڭ ئۆيى ئالدىغا كېلىپ پاخالدىن ياسالغان بىر ئېغىز ۋەيرانە ئۆينى، كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل تۆت - بەش بالىنى كۆرۈپ يۈرىكىگە پىچاق سانجىلغاندەك ئازابلاندى. ئۇ ئورۇقلاپ كەتكەن بىر بالىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— «ئۈچ زىيانداش» كىشىلەرنىڭ يىلىكىنى قۇرۇتۇۋەتتى. نەپسىملا بولىدىكەن، «ئۈچ زىيانداش» بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمەن! — دېدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە، جياڭ يۈلۇ دېھقان ساۋ يۈيىڭنىڭ ئۆيىدە

www.uyghurkitap.com

سۇدا پىشۇرۇلغان ئۇششۇگەن تاتلىقياڭيۇ بىلەن تاتلىقياڭيۇ يوپۇرمىقى شورپىسىدىن بىر قاچا ئىچتى.

ئەتىسى جياۋ يۈلۇ ئاممىنى يىغىپ سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. ئۇ ئاممىنى سۆزلەشكە، تۇشەنجەي كەنتىنىڭ مۇشۇنداق نامراتلىشىپ كېتىشىدىكى سەۋەبلەرنى تېپىشقا ئۈندىدى. يىغىننى ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى باش بولۇپ ئاچقاچقا، گۇڭشې ئەزالىرى يىغىلىپ قالغان دەردلىرىنى بىر - بىرلەپ تۆكۇشتى. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى باشلىقىنىڭ ياخشى باشلامچىلىق قىلماي، كۇنىبويى چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇرۇقلۇققا قالدۇرۇلغان ئاشلىقنى يەپ تۈگىتىپ، يەرگە ئۇرۇق سالماي قۇرۇق ئاغدۇرۇپ كۆز بويامچىلىق قىلغانلىقىنى ئىنكاس قىلىشتى.

«ئاتا - ئانا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئۇرۇقلۇق ئاشلىق قالدۇرۇش كېرەك.» خەلق كۈن كەچۈرەلمەس بولۇپ قالغان ئەھۋالدا، ئۇلار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا ساختىلىق قىپتۇ! غەزەپلەنگەن جياۋ يۈلۇ دەرھال خۇڭمياۋ رايونلۇق پارتكومغا تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنى تۇشەنجەي كەنتىگە بېرىپ مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدى.

شۇ كۈنى كەچتە جياۋ يۈلۇ ئازابلاندى ھەم غەزەپلەندى، يېگەن تاتلىقياڭيۇ ھەزىم بولمىدى، شۇڭا ئۇنىڭ ئاشقازىنى، جىگىرى ئاغرىپ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلۈپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى.

جيا يۈلۇ بىلەن بىللە كەلگەن ناھىيەلىك پارتكوم كادىرى لى جۇڭشيۇ ئەتىسى ئەتىگەندە پۇتاۋجيا گۇڭشېسىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ، ئاغرىق ئازابى تارتىۋاتقان بۇ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىغا ئىككى قوتۇرماچ ئەكېلىپ بەردى. جياۋ يۈلۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

تېرىكىپ:

— ئاما نېمىنى يېسە مەنمۇ شۇنى يەيمەن، ئاما قانداق كۈن كۆرۈۋاتقان بولسا مەنمۇ شۇ كۈننى كۆرىمەن! — دېدى.

جياۋ يۈلۇ لى جۇڭشيۈنى ئىككى قوتۇرماچنى ئېچىرقاپ كەتكەن بالىلارغا بېرىۋېتىشكە بۇيرۇدى.

شۇ كۈنى خۇڭمياۋ رايونلۇق پارتكومدىن كەلگەن كادىرلار توشەنجەي كەنتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلدى. چىرىكلەشكەن ئاچ كۆز ئەترەت باشلىقى ئەمىلىدىن ئېلىپ تاشلاندى.



# ئاپەتتىن بۆسۈپ چىققان يول باشلىغۇچى

«ھاكىمىيەت ئۈستىدىكى پارتىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلمىسە، پارتىيە ۋە دۆلەت ھالاك بولىدۇ.» دېگەن بۇ سۆز بۇنىڭدىن قىرىق ئالتە يىل ئىلگىرى كومپارتىيەنىڭ بىر ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققانىدى، ھازىر ئاڭلىسىمۇ كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرى تىترەيدۇ. جياۋ يۇلۇ يەنە: «ھەرقانداق ۋەزىپىدىكى كادىرنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ چاكىرى» دېگەن سۆزنىمۇ قىلغانىدى.

جياۋ يۇلۇ ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا مۇشۇ گەپنى دەۋاتقاندا، خۇڭمياۋ رايونىدىكى بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە ئىشتىن سىرتقى تىياتىر ئۆمىكىدە ساقلانغان بەزى مەسىلىلەر تىلغا ئېلىنغانىدى. جياۋ يۇلۇ كىچىچە ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى يېزىپ، خەتنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى بىلەن قوشۇپ، ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان يولداشلارنىڭ ئۆگىنىشىگە تارقىتىپ بەردى.

— ئۇ ناھايىتى ياخشى پارتىيە ئەزاسى ئىكەن، — دېدى جياۋ يۇلۇ، — ئۇ ئاممىنىڭ تەلىپىنى ۋە پارتىيەنىڭ سىياسىتىگە خىلاپ ئەھۋاللارنى خەت ئارقىلىق ناھىيەلىك پارتكومغا ئىنكاس قىلدى. بۇ بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئۆتەشكە

تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى ھەم مەسئۇلىيىتى، — دېدى.

جياۋ يۇلۇ شۇ پارتىيە ئەزاسى ئىنكاس قىلغان ئەدەبىيات-سەنئەت تەشۋىقات ئىشلىرى ئۈستىدە كونكرېت توختىلىپ:

— شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، يېزىلاردا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بولمىسا بولمايدۇ. مەدەنىي مائارىپ ئىدارىسى، مەدەنىيەت يۇرتى دېھقانلارنىڭ ئوقۇشىغا ماس كېلىدىغان كىتابلارنى يېزىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىشى، يېزىلارنى يېزىلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سەنئەت نومۇرلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىپ تۇرۇشى، ئىلگىرى دېھقانلار ياقتۇرغان كۇلۇب ۋە كەچلىك مەكتەپلەرنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك... — دېدى.

ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇ قېتىمقى كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا، جياۋ يۇلۇ بىر قىسىم كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىدا ساقلىنىۋاتقان قورقۇش كەيپىياتى ۋە شۇنىڭدەك «ئۈچ زىياندىش»نى يېڭىش ئىشەنچىسى كەمچىل بولۇشتەك ئىدىيىۋى خاھىشلارغا قارىتا، ئۆزى باشلامچى بولۇپ كۆپچىلىك بىلەن بىللە ماۋ زېدۇڭنىڭ: «بىزنىڭ يولداشلىرىمىز قىيىنچىلىق ئالدىدا نەتىجىلەرنى كۆرۈشى، يورۇقلۇقنى كۆرۈشى، غەيرىتىنى ئاشۇرۇشى كېرەك» دېگەن تەلىمىنى ئۆگەندى ۋە «ئاپەتكە قارشى تۇرالايدىغان كادىرلار بولمىسا، ئاپەتكە قارشى تۇرالايدىغان ئاممىمۇ بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتتى.

ناھىيەلىك تەپتىش مەھكىمىسىدىكى جاڭ چۇنلياڭ بىلەن چېن زېڭخۋا دېلو بېجىرىش داۋامىدا، شاۋسۇڭ رايونى گودىيەن گوڭشېسىنىڭ كۇڭجۇاڭجەي كەنتىدە ئاشلىق يېتىشمەي، نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ سىرتلارغا قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئاممىنىڭ ئىنكاسىغا قارىغاندا، كادىرلاردا خىيانەتچىلىك قىلمىشلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

بارلىقىنى، يەنە بەزىلەرنىڭ چاغاندا خوراپىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى بايقاپ، جياۋ يۈلۈغا خەت يازدى. جياۋ يۈلۈ خەتكە:

جاڭ چۈنلياڭ قاتارلىق ئىككى يولداش خەت يېزىپ ئىنكاس قىلغان مەسىلە ناھايىتى مۇھىم. ئۇلار خىيانەتچىلىك دېلوسىنى تەكشۈرۈش ئۇچۇن تۆۋەنگە چۈشكەن، لېكىن ئۇلار ئۆزىنىڭ كەسپىي خىزمىتى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، خەلق تۇرمۇشىدا كۆرۈلگەن مۇھىم مەسىلىلەرنى، پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش داۋامىدا يۈز بەرگەن زور مەسىلىلەرنى دەل ۋاقتىدا ناھىيەلىك پارتكومغا دوكلات قىلدى. بۇ تولىمۇ ياخشى ئىش، پارتىيەگە مەسئۇل بولغانلىق، ــ دەپ تەستىق سالدى.

مەزكۇر خەت ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ھەيئەتلىرىگە ھەم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسىغا تارقىتىپ بېرىلدى ۋە خەتتە تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ئادەم ماڭدۇرۇلدى. جياۋ يۈلۈ ھەر دەرىجىلىك كادىرلاردىن پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچان ھەم ئىقتىسادچىل بولۇش، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش، ئامما بىلەن ئالاقە باغلاش، خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش، ھەرگىز خەلقنىڭ «غوجىسى» بولۇۋالماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

1963 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جياۋ يۈلۈ جاڭجۇنمۇ رايونىغا قاراشلىق ۋاڭ دابياۋ كەنتىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بىرقانچە ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە ئاپتاپقا سېلىپ قويۇلغان كالا تېرىلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ كىشىلەردىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىغانىدى، كىشىلەر ئوت ـ چۆپ بولمىغاچقا كالىلارنىڭ ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئىنكاس قىلىشتى.

جياۋ يۈلۈ بۇ كەنتتە توختاپ كادىرلار بىلەن ئاممىدىن

www.uyghurkitap.com

سوراش ئارقىلىق، مەزكۇر كەنتنىڭ ئۇدا ئۈچ يىل ئاپەتكە ئۇچراپ ئاشلىق، ئوت ـ چۆپ ۋە پۇل ـ پۇچەكتىن قىينىلىپ قالغانلىقىنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ گۇڭشېدىكى كادىرلاردا چوڭ يەپ ـ چوڭ ئىچىش خاھىشىنىڭ ئېغىرلىقىنى، كادىرلارغا غەمخورلۇق ھېسابىدا بىر تۇتاش بېرىلگەن ئاشلىقنىڭ تۆت مىڭ جىڭدىن ئاشىدىغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن ئادەملەر سىرتقا قېچىش، ئۇلاغلار ئۆلۈپ كېتىشتەك ئېغىر ئەھۋالنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بايقىدى.

جياۋ يۈلۇ دەرھال بۇ گۇڭشېدىكى كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋالغان كادىرلارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى. كىم كۆپ ئىگىلىۋالغان بولسا شۇ قايتۇرۇش؛ كىم كۆپ يېگەن بولسا شۇ پۇل تاپشۇرۇش؛ نامۇۋاپىق ھالدا قۇتقۇزۇش بېرىلگەنلەر قۇتقۇزۇش پۇلىنى تولۇق قايتۇرۇش؛ كادىرلارغا قالدۇرۇلغان زاپاس ئاشلىقنى بىردەك يىغىۋېلىش؛ بىر تۇتاش بېرىلىدىغان ئاشلىقنى ئاممىنىڭ باھالىشى ۋە مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئائىلىلەرگە تارقىتىش بەلگىلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئامما ئوت ـ چۆپ ئورۇشقا، قومۇش ۋە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ يىلتىزىنى كولاشقا سەپەرۋەر قىلىندى. بىرتۇتاش بېرىلىدىغان ئاشلىقنىڭ بىر قىسمى ئەمگەككە قارىتا بېرىلىدىغان ھەق قىلىندى، ئەترەتكە ئون جىڭ قۇرۇق ئوت ـ چۆپ تاپشۇرغانلارغا بىر جىڭ ئاشلىق بېرىلىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ چارۋىلار بىلەن ئادەملەر تەڭ مەنپەئەتلىنىدىغان ھالەت شەكىللىنىپ، مەزكۇر ئەترەت نەچچە ئون مىڭ جىڭ ئوت ـ چۆپ يىغىۋالدى. ئادەملەرگە مۇۋاپىق قۇتقۇزۇش بېرىلدى، كالىلارمۇ قۇتقۇزۇپ قېلىندى.

تۆت كۈندىن كېيىن، جياۋ يۈلۇ يەنە ناھىيەلىك تەپتىش

مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ زېڭيۇڭدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە 2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سۇيىيۇەنزى گۇڭشېسىغا كېتىۋېتىپ شۇ يەرلىك ئامىمىنىڭ تۇرمۇشتا ئىنتايىن قىيىنلىۋاتقانلىقىنى بايقىغانلىقى ئىنكاس قىلىنغانىدى. خەتتە يەنە سۇيىيۇەنزى، شاۋۋاڭجۇاڭ، شاۋجاۋجۇاڭ قاتارلىق ئون ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە دېھقانلارنىڭ سىرتقا قېچىش ھادىسىسىنىڭ ئېغىرلىقى، تىرىكچىلىك غېمىدە ئۆيلەرنىڭ ئۇستىنى ئېچىۋېتىش، ئاسراندى كېلىن بېقىۋېلىش ۋە ئوغۇل - قىزلىرىنى سېتىشتەك ئەھۋاللارنىڭ بارلىقى ئىنكاس قىلىنغانىدى.

جياۋ يۇلۇ بۇ خەتكە تولىمۇ ئەھمىيەت بەردى. شۇ ئان بۇ خەتكە ئىمزا قويۇپ ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرىغا تارقاتتى، خەتتە تىلغا ئېلىنغان ئون ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان ئەترەت قىلىپ بېكىتىلدى. سىياسەتنى تەشۋىق قىلىپ ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ماڭدۇرۇلدى، قازان ئاسالمىغان ئائىلىلەرگە ئاشلىق قەرز بېرىلدى. ئىگىلەنگەن ئەھۋال ئاساسىدا، سىياسەت بويىچە شۇ ھامان بىر تۇتاش ئاشلىق تارقىتىلدى.

ئۇزاق ئۆتمەي، جياۋ يۇلۇ يەنە نەنجاڭ رايونىغا قاراشلىق ئەترەتتە تۇرۇۋاتقان كادىر چېن يىڭشەندىن خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتتە يېزىدىكى بىرمۇنچە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوتۇنىدىن قىسىلىپ قالغانلىقى، نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ كۈندە ئېتىزلىققا بېرىپ ئوتۇن تېرىدىغانلىقى، بىر كۈن تەرگەن ئوتۇننىڭ بىر كۈنگە ئارانلا يېتىدىغانلىقى، بەزىلەرنىڭ لىم ۋە ئەسكى - تۈسكى ئۆي جاھازىلىرىنى، ھەتتا بەزىلەرنىڭ كۆچەتلەرنى قالاشقا باشلىغانلىقى ئىنكاس قىلىنغانىدى. ناھىيەدىن كۆمۈر ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

كېلىش ئۈچۈن ئۇزۇن يول مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، يېقىلغۇ يېتىشمەسلىك ئومۇمىيۈزلۈك هالدا ئېغىر ئىدى.

جياۋ يۈلۇ خەتنى كۆرۈپ بولغۇچە تۇن نىسپى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دەرهال ناهىيەلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپىنىڭ رەهبەرلىرىدىن كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش ئەهۋالىنى سورىدى. جياۋ يۈلۇ ئالدى بىلەن گۇياڭ ۋە جاۋيىڭدا كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىدىن ئىككىنى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ناهىيەلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپى جياۋ يۈلۇنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىدىن سەككىز ـ توققۇزنى تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىمنىڭ كۆمۈر قالاش تەس بولۇش مەسىلىسى ئاساسەن هەل بولدى.

ئاپەت ئېغىر كۈنلەردە جياۋ يۈلۇ توشەنجەي چوڭ ئەتىرىتىدە تۇرۇپ، مەركۇر كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئاپەتتىن قورقۇپ يېتىۋالغانلىقىنى بايقىدى. ياچېيكا شۇجىسى خىزمەتنى تاشلاپ يېتىۋالغانىدى، ياچېيكا ئەزاسى هەم ئايالنىلار مۇدىرى پارتىيەدىن ئايرىلىپ، ئېرىنى ئىزدەپ يىڭدىڭشەنگە كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى. مۇئاۋىن ياچېيكا شۇجىسىلا يېتىۋالمىدى هەم قېچىپ كېتىش نىيىتىدىمۇ بولمىدى. ئەكسىچە قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە ئاشلىق پۇلىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرمىشىپ ئىشلەۋاتاتتى...

جياۋ يۈلۇ مەركۇر چوڭ ئەترەتنىڭ پارتىيە ياچېيكا يىغىنىغا قاتنىشىپ، يىغىن قاتناشچىلىرىغا پۈتكۈل ناهىيەنىڭ ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئەهۋالىنى تونۇشتۇردى. كۆپچىلىك بۇنىڭدىن ناهايىتى زور ئىلهام ئالدى. ئۇلار تۇشمۇتۇشتىن پىكىر بايان قىلىپ، توشەنجەينىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش

توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى، ئەمما ھېلىقى ئايال مۇدىرى زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى. جياۋ يۈلۇ «مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش» قارارىغا كەلدى. ئۇ يىغىندىن كېيىن ئالدى بىلەن بۇ ئايالغا ئىدىيەۋى خىزمەت ئىشلەپ ئۇنى قايىل قىلىش مەقسىتىدە، ئالايىتەن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى.

ئايال مۇدىرى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ بۇ شۇجىسىدىن قورقۇپ كەتمىدى. دەھشەتلىك ئاچارچىلىق ۋەھشىي يولۋاس، ۋەھشىي بۆرىدىنمۇ يامان ئىدى. ئۇ: «ناۋادا جياۋ شۇجى مېنى تەنقىدلىسە، ئاچارچىلىق سالغان قورقۇنچنى سەۋەب قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرىمەن، تەڭ تۇرالىسام ئۇ تۇشەنجەيدىن تېزرەك كېتىدۇ» دەپ ئويلىدى.

ئەمما، ھەممىنى كۆرۈپ يەتكەن جياۋ يۈلۇ گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەتتى. ئۇ ئادەتتىكى تەلەپپۇزدا ئۇنىڭغا تۇشەنجەي كەنتىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىنى دېدى. ئايال مۇدىرى سەۋر ـ تاقەتلىك ئايال ئىدى. ئۇ تېرىكمەي ـ زېرىكمەي، گەپ قىلىشقا ئالدىراپمۇ كەتمەي، شۇجىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇراتتى. ئۇ ئىچىدە: «قاچانغىچە گەپ قىلىسەنكىن ! گەپنى كۆپ قىلغان جەزمەن ئازىدۇ، گەپتىن تۇتۇۋالسام، ياندى دەپ مەندىن رەنجىپ قالارمۇ؟ ــ دەپ ئويلايتتى.

جياۋ يۈلۇ ئۇنىڭغا «كۆچەت يېتىشتۈرۈپ دەرەخ تىكىش» توغرۇلۇق مەسلىھەت سالدى.

ــ بولمايدۇ، ــ دېدى ئۇ.

جياۋ يۈلۇ ئۇنى ئاياللارغا باش بولۇپ ئاپەتكە قارشى تۇرۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىچى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

ئىلھاملاندۇردى. ئۇ سوغۇق تەلەپپۇزدا:

— مېنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارىم يوق، يارىمايمەن! — دېدى.

جياڭ يۇلۇ «يۇرتداشلار يورۇقلۇقنى كۆرسۇن» دېيىدى، ئۇ غەلىتە تەلەپپۇزدا:

— كۆرەلمەيدۇ! — دېدى ـ دە، ئۇن ئۆتنە ئېلىپ جىڭموما پىشۇرىدىغانلىقنى باھانە قىلىپ، جياڭ يۇلۇنى يالغۇز تاشلاپ سىرتقا ماڭدى.

جياڭ يۇلۇ سۇنىڭ ئىقىشىغا قاراپ ئىش تۇتتى. ئۇ خۇشال كەيپىيات بىلەن ئاياللار مۇدىرىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— ئۇن ئۆتنە ئالماڭ، بۈگۈن ئۆيىڭىزدە تاماق يەيمەن، نېمە بولسا مەيلى! — دېدى.

ياخشى گەپ تاشنىمۇ ئېرىتىدۇ. جياڭ يۇلۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوچاققا ئوت قالىدى. ئوچاقتىن پۇرقىراپ ئىس يېنىپ تۇراتتى. جياڭ يۇلۇ:

— سىزنىڭ كەمبەغەل دېھقان ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن، سىز كۆپ جاپا تارتقان، مەنمۇ شۇنداق، ئاچارچىلىق دەستىدىن يۇرتنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن، يالىلىقچى بولغان. مانا ھازىر ھەر ئىككىلىمىز كومپارتىيە ئەزاسى، بىز بىر قازاننىڭ تامىقىنى يەپ تۇرۇقلۇق، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك پاراڭلىشالمامدۇق؟ — دېدى.

باغرى تاشتەك قېتىپ كەتكەن ئاياللار مۇدىرى ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئوچاق ئالدىدا ئاچچىق ئىستىن قېقىلىپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كېتىۋاتقان قىياپىتىنى كۆرۈپ تەسىرلەندى. ئۇ ئاخىر ئېرىدى. بىر ۋاق تاماقنى يەپ بولماي

تۇرۇپلا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېيتتى:

— راستىنى ئېيتسام، جياۋ شۇجى سىزنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىمەن... بىراق، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى ئىشىك ئالدىدا سوقۇشۇپ كېتىدۇ، گۆڭشې ئەزالىرى هويلىدا غوۋغا كۆتۈرىدۇ، باللار كاڭدا يېتىپ خەقىشلىك قىلىدۇ، قېيىنئانىلار ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئادەم تىللايدۇ... مەن بىر ئايال كىشى، بۇ ئىشلارغا قانداق چىدىيالايمەن... — دېدى.

ئۇ ھەسرەت بىلەن يىغلاپ كەتتى. جياۋ يۇلۇ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— يولداش، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، كۆپچىلىك قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا بىزنى ئىزدىمەي كىمنى ئىزدەيدۇ؟ — دېدى.

ئاياللار مۇدىرى گەپ قىلالماي قالدى. ئۇ ياچېيكا ھەيئەت ئەزاسى ئىدى. قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغان ئامما دېمىسىمۇ ئۇنى ئىزدەيتتى. ئۇ مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ئۆزىنى دالدىغا ئالسا بولمايتتى.

جياۋ يۇلۇ داۋاملىق «ئۇلگىنىڭ كۈچى چەكسىز» دەيتتى.

توققۇزىنچى ئەترەتنىڭ باشلىقى يەتمىش ياشتىن ئاشقان، چاچ - ساقاللىرى تامام ئاقارغان، بالىلىرى يوق ئادەم ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئۆزى يالغۇز ئۆكۈزنى ئالدىغا سېلىپ ئېتىزلىقتا بېرىپ يەر ئاغدۇراتتى، ئۆكۈزى دەم ئالسا ئوت ئورۇيتتى، ئۆكۈزى چۆپ يېسە، ئۆزى ياۋا ئوت - چۆپلەرنى يەپ قورسىقىنى ئەستەرلەيتتى. ئېتىزدىن تېرىۋالغان بىر سىقىم پۇرچاقنىمۇ كوللېكتىپقا تاپشۇراتتى.

جياۋ يۇلۇ بۇ ئەھۋالدىن تەسىرلەندى - دە، تۇشەنجەي

www.uyghurkitap.com

كەنتنىڭ ئىشنى تاشلاپ يېتىۋالغان ھېلىقى ياچېيكىلا شۇجىسىنى توققۇزىنچى ئەترەتكە چاقىرتىپ ئەكەلدى. ئۇ بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىدى ھەمدە ئۆزىنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلاندى ۋە خىجىللىقتىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە ئاتلىنىشقا بەل باغلىدى.

لىۋجۇاڭ كەنتىدە «لىۋبېي» لەقەملىك بىر ئەترەت باشلىقى بولۇپ، قىيىنچىلىققا يولۇقسىلا يىغلايتتى، كۆپچىلىك ئۇنى «لىڭتاسىما» دەيتتى. جياۋ يۈلۇ ئۇنى قەيسەر بولۇشقا دەۋەت قىلدى. ئۇنىڭ بىر ئامال قىلىپ ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ياردەمدە بولدى. ئۇنىڭغا ئون قول ھارۋىسى ۋە بىر قىسىم دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى تەستىقلاپ بېرىپ، «لىۋبېي» لەقەملىك ئەترەت باشلىقى بىلەن ئاممىنىڭ جاسارىتىنى ئۇرغۇتتى.

سۇنجۇاڭ كەنتىدە بىرمۇنچە ئائىلىلەر ئاچارچىلىقتا قالغانىدى. جياۋ يۈلۇ خېجۇاڭ كەنتىدىكىلەرنى سۇنجۇاڭ كەنتىدىكىلەرگە ياردەم بېرىشكە چاقىردى. كەچتە خېيجۇاڭ كەنتىدە يىغىن ئاچتى. يىغىندىن كېيىن لەپىلدەپ قار يېغىپ، شىمال بورىنى چىقىپ كەتتى. تاڭ ئاتماستا بىرنەچچە پېشقەدەم دېھقان قار ۋە بورانغا قارىماي ئاشلىق، قۇرۇتۇلغان كۆكتات ۋە تاتلىقياڭيۇلاردىن سۇنجۇاڭغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئىككى كەنتنىڭ ئەزالىرى بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپ كەتتى.

جياۋيۈلۇ تۇشەنجەي كەنتىنىڭ ياچېيكا كادىرلىرىدىن:

— بىزنىڭ ئەزالىرىمىزنى كۆردۈڭلارمۇ؟ كادىرلار باش

بولمىسا سۇ كالىسىمۇ قۇدۇقتا چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاپەتتىن قورقۇپ يېتىۋالماڭلار. ئورنۇڭلاردىن دەس تۇرۇڭلار. ئاممىغا باش بولۇپ كۆرەشكە ئاتلىنىڭلار! ھازىر دۆلەت سىلەرگە ئىككى ھاسا بەردى، بۇنىڭ بىرى، ئۈستەڭ چېپىپ شورنى ئاققۇزۇشۇڭلار ئۈچۈن ياردەم ھېسابىدا بېرىلگەن تولۇقلىما ئاشلىق، يەنە بىرى، دەرەخ تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشىڭلارغا يار - يۆلەكتە بولۇش ئۈچۈن تارقىتىلغان ياردەم پۇلى، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى





# ئوبراز مەسلىسى

جياڭ يولۇ ئادەتتە بەك تېزمۇ، بەك ئاستىمۇ ئەمەس، بىر خىل ماڭاتتى، كىشىلەرگە ئانچە قاتتىق ـ يىرىك گەپ قىلمايتتى. خىزمەتداشلىرىنىڭ نەزەرىدە ئۇ كۆڭۈل ـ كۆكسى كەڭ، مېھرىبان ئاكا يوللۇق سانىلاتتى. كەيپىياتى ياخشى بولۇپ قالغان چاغلىرىدا تېخى لەتىپىدىن بىرنەچچىنى دەپ بېرەتتى، بەزىدە قوشاق ياكى قىسقا ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئاغزىدىكى قىزىل مۇشتەكنى تىلى بىلەن ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۆتكەيتتى، ھۆزۈرلىنىپ شوراپ كەتسە ئۇنىڭدىن جىزىلدىغان ئاۋاز چىقاتتى.

تاماق يېمىگەن ياكى ئۇخلاپ قالمىغانلا بولسا، ئاغزىدىن تاماكا چۈشمەيتتى. ئادەتتە بىر قېپى ئىككى مولۇق «ئالغا» ماركىلىق، تولىراق بىر قېپى ئىككى مو بەش پۇڭلۇق «ئالتۇن يوپۇرماق» ماركىلىق تاماكا چېكەتتى، يول ماڭغاندا يېڭىنى ۋە پۇچقاقلىرىنى تۇرۇۋېتىپ مېڭىشقا ئامراق ئىدى. دائىم ياماق كىيىم كىيىپ يۈرەتتى.

1963 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بىر كۈنى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ بۇ شۇجىسى جاڭجۇنمو گۇڭشېغا بارىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ئەينى چاغدىكى ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ئالاقىچىسى لى جۇڭشيۇمۇ ھەمراھ بولۇپ بارىدىغان بولدى. ناھىيە بازىرى بىلەن

جاڭجۇنمو گۇڭشېسىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن سەكسەن چاقىرىم كېلەتتى. ئارىلىق يىراق بولغاچقا، لى جۇڭشيۇ بۇ قېتىم ئۇ جايغا جىپ ماشىنىدا بېرىش تەكلىپىنى بەردى. ناھىيەلىك پارتكومدا ئۇرۇش يىللىرى زەمبىرەك سۆرىگەن، ئۆتمۈشتە بولۇپ كەتكەن بىر ئەبجەق جىپ ماشىنىسى بار ئىدى.

جياۋ يۇلۇ ئۇنىڭ تەكلىپىگە قارىتا:

— بۇ ئەبجەق ماشىنىغا رەھىم قىلايلى! كۈچى ئازراق بولسىمۇ تېجىلىپ قالسۇن، ياشانغان ۋە كېسەلچان يولداشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ياخشى نەرسە ئەمەس، دېرىزىسىنىڭ ئەينىكى بار، ئامما گەپ قىلسا ئاغزىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرسەن، ئاۋازىنى ئاڭلىيالمايسەن، ئادەمنى جىلە قىلىدۇ، يەنە كېلىپ تېز ماڭىدۇ، پىيادە ماڭغان ئادەم بىزگە يېتىشەلمەيدۇ، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. جىپ توپا — چاڭ توزۇتۇپ ماڭىدۇ، يول ياقىسىدىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ، خۇددى ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەندەك! — دېدى.

لى جۇڭشيۇ بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن جياۋ يۇلۇ ئىشلەتكىلى ئون بىر يىل بولغان «فىلىپ» ماركىلىق كونا ۋېلسىپىتنى مىندى. بۇ ۋېلسىپىت خۇددى كۇلدۇرگە ئارتىسى خۇ باۋلىنىنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان كۇلدۇرگۈسى «كېچىلىك سەپەر خاتىرىسى»دە بايان قىلىنغان «قوڭغۇرىقىدىن باشقا ھەممە زاپچاسلىرى جىرىڭشىيدىغان ۋېلسىپىت» تەك ئەبجەق ۋېلسىپىت ئىدى. مىنسە لاغايلاپ، غىچىرلاپ تۇراتتى.

ئۇلار پۇتاۋجيا گۇڭشېسىنىڭ كۇنپېتىش تەرىپىدىكى دۆڭدە كېتىۋاتاتتى. لى جۇڭشيۇ مىنگەن ۋېلسىپىتنىڭ زەنجىرى «ۋاققىدە» ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئالدى تەرەپتىن يا بىرەر كەنت، كەينى تەرەپتە يا بىرەر رېمونتخانا كۆرۈنمەيتتى. ۋېلسىپىتنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئوغشاش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. لى جۈڭشيۇ تەنتىلدىپ تۇراتتى. جياۋ يۈلۇ ئالدىرىماي:

— پۇتاۋجيا گۇڭشېسىغا بارساق سايمان تېپىلىدۇ. مەندە ھۈنەر بار، ياساپ بېرىمەن! — دەپلا ۋېلسىپىتىنىڭ كەينى جازىسىدىكى ئارغامچىنى يېشىپ لى جۈڭشيۇنىڭ ۋېلسىپىتىنى ئۆزىنىڭ ۋېلسىپىتىغا سۆرىتىپ ماڭماقچى بولدى. لى جۈڭشيۇ ئوڭايسىزلىنىپ:

— ۋېلسىپىتىڭىزنى مەن مىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ۋېلسىپىتىنى سۆرىتىپ ماڭاي، — دېدى. جياۋ يۈلۇ:

— مېنىڭ «ئېتىم» ساڭا بوي بەرمەيدۇ، دەرھال ۋېلسىپىتىڭگە مىن! — دېدى.

ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولدى. ئۇلار جاڭجۇنمو گۇڭشېسىدىن ئوڭۇشلۇق قايتتى. قىرىشقاندەك يولدا سىم - سىم يامغۇر يېغىپ كەتتى. جياۋ يۈلۇ ئېلىۋالغان يامغۇرلۇقنى لى جۈڭشيۇغا بەردى ۋە:

— يامغۇرلۇقنى سىم - سىم يامغۇردا سەن كىي، يامغۇر كۈچىيىپ كەتسە ئۆزۈمگە بەر، — دېدى.

بۇ قارشى تەرەپ ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان تەكلىپ ئىدى، لى جۈڭشيۇ بويسۇندى. ئۇلار مېڭىۋەردى، يامغۇر راستىلا كۈچىيىپ كەتتى. لى جۈڭشيۇ يامغۇرلۇقنى جياۋ يۈلۇغا بېرىشكە تەمشەلدى. جياۋ يۈلۇ قايىقىنى تۇرۇپ:

— گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەن، يامغۇر ئەدەپ كەتسە يامغۇرلۇقنى مەن كىيىمەن دېدىم، ئوتتۇراھال يامغۇر ياغقان تۇرسا نېمىدەپ مەن كىيگۈدەكمەن؟ — دېدى.

ئىككىسى تالىشىپ قالدى. يامغۇرنىڭ «قاتتىق» ياكى «ئوتتۇراھال» ئىكەنلىكىنى ھاۋا رايى ئىستانسىسىدىن سوراشقا

توغرا كەلدى. ئۇزاق ئۆتمەي يامغۇر ھەقىقەتەن شارقىراپ يېغىپ كەتتى. يامغۇر تامچىلىرى يۈز - كۆزگە ئۇرۇلاتتى. لى جۇڭشيۇ يامغۇرلۇقنى سالدى.

— ئەخمەق يىگىت، — دېدى جياۋ يۇلۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ، — مەن ھۆل بولۇپ كەتتىم. يامغۇرلۇقنى كىيگىنىمنىڭ نېمە پايدىسى؟ سەن كىيىۋەر، كېلەر قېتىم ھەرقانچە دۆت بولساممۇ يامغۇرلۇقنى ئالدى بىلەن ساڭا بەرمەيمەن.

لى جۇڭشيۇ قىلىدىغان گەپ تاپالماي قالدى. ئەھۋال شۇنداق، كۆنمەي ئامال يوق ئىدى.

لەنكاۋدا يۈشىدىكى «ساتىراشخانىدا يۈز بەرگەن ۋەقە»گە ئوخشاپراق كېتىدىغان مۇنداق بىر قىزىقارلىق ۋەقەمۇ يۈز بەرگەنىدى:

بىر كۈنى جياۋ يۇلۇ ناھىيەلىك پارتكومدىن ئانچە يىراق بولمىغان كوچىدىكى ساتىراشخانىغا باردى. دۇكاندا ھۈنەرگە ئۇستا، مۇئامىلىسى ياخشى جاڭ جىنشياڭ ئىسىملىك بىر پېشقەدەم ساتىراش بار ئىدى. «خېرىدارلىرى» ئۆچرەت ساقلاپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

جياۋ يۇلۇ كېلىپ ئۆچرەتنىڭ ئەڭ ئاخىرىسىدا تۇرۇپ قالدى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ ھەمىشە ھۆججەت كۆرەتتى، ھۆججەتلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزەتتى ۋە تەستىق سالاتتى. بۇ قېتىم كۆپچىلىك تەڭلا ئالدى بىلەن جياۋ يۇلۇنى چېچىنى ياسىتىۋېلىشقا دەۋەت قىلىشتى. جياۋ يۇلۇ:

— كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۆچرەتتە تۇرسا، مەن نېمىدەپ چېچىمنى ئالدىدا ياساتقۇدەكمەن؟ — دېدى.

— سىز ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى، بىزدىن ئالدىراش، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— ئالدىراش ئىكەنلىكىم ئەمەلىيەت، ئەمما ھازىركىم ئالدىراش ئەمەس؟ جەمئىيەتتە تەرتىپ بولۇشى كېرەك، بولمىسا لەنكاۋ قالايمىقان بولۇپ كەتمەمدۇ، — دېدى جياۋ يۇلۇ جاۋابەن.

ئاما جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالدى.

جياۋ يۇلۇ گېزىت كۆرگەچ نۆۋىتى كەلگۈچە ساقلاپ ئولتۇردى. نۆۋىتى كەلگەندە چېچىنى ياساتقاچ، ئۇستام بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇستام چېچىنى ياساپ بولدى. جياۋ يۇلۇ پۇلنى بېرىپ كۈلۈمسىرەپ ئۇستامغا رەھمەت ئېيتتى، ئاندىن يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ ۋېلىسىپىتىنىڭ ئاچقۇچىنى تاپالمىدى.

كۆپچىلىك ئاچقۇچ ئىزدەپ پايىپېتەك بولۇپ كېتىشتى. ئىزدىمىگەن ئورۇندۇق بىلەن ئۇستەلنىڭ ئاستى ـ ئۈستى، ھەتتا يەردە چېچىلىپ ياتقان چاچنىڭ ئارىسىمۇ قالمىدى. ئاچقۇچ تېپىلمىدى. جياۋ يۇلۇ بولدى قىلدى ـ دە، ۋېلىسىپىتنى يەلكىسىگە ئارتىپ، قەدەملىرىنى چوڭ ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

جاڭ جىنشياڭ ئۇستام ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. چۈنكى، جياۋ شۇجىنىڭ ئاچقۇچى ئۇنىڭ ساتىراشخانىسىدا يوقالغانىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەرنى ئاختۇرۇپ پايىپېتەك بولۇپ كەتتى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتتى. ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ئالاقىچىسى يۈگۈرگەن پېتى ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ساتىراشخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ جىددىيلىشىپ تۇرغان جاڭ ئۇستامغا:

— جياڭ شۇجى ئاچقۇچىنى يىتتۈرۈپ قويغانلىقى سەۋەبلىك سىزنىڭ تىتىلداپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ، سىزگە ئېيتىپ قويۇشقا مېنى ئەۋەتتى، ئاچقۇچ تېپىلدى، —

دېدى.

كۆپچىلىك يېنىك تىن ئېلىشتى. ئۇلار ئوپۇل - توپۇل:

— نەدىن تېپىلدى؟ — دەپ سوراشتى. ئالاقچى:

— پايپاقنىڭ ئىچىدىن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئاچقۇچ نېمىشقا پايپاقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ قالىدۇ؟ — دېيىشتى كۆپچىلىك كۈلۈپ.

ئالاقچى ئەھۋالنى ئەينەن سۆزلەپ كېلىپ:

— ئاچقۇچ يانچۇقنىڭ تۆشۈكىدىن ئىشتاننىڭ پۇچقىقىغا چۈشۈپ قاپتۇ، پۇچقاقمۇ تۆشۈك بولغاچقا، شۇ تۆشۈكتىن پايپاقنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن گەپ، — دېدى.

كۆپچىلىك بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلكىسىدىن توختاپ قېلىشتى.

1963 - يىلى 7 - ئايدا، جياۋ يۈلۈ كادىرلارنى باشلاپ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى ۋېلىسىپىتلىك يېزىلارغا چۈشتى. شۇ كۈنلەردە ھاۋا تولىمۇ ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، قۇم بارخانلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئەللىك گىرادۇسقا چىققانىدى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا بىرەيلەن يول ياقىسىدىكى تاۋۇزلۇقتا سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن تاۋۇزلارنى كۆرۈپ قالدى. كۆپچىلىك ئارقا - ئارقىدىن:

— جياۋ شۇجى، تاۋۇز تىلىپ يەپ، بىردەم - يېرىمدەم ئارام ئېلىپ، ئاندىن ماڭايلى ! — دېيىشتى.

جياۋ يۈلۈ بىرپەس ئويلىنىپ تۇرۇپ كېتىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— مەن مۇشۇ ئەترەتتە نۇقتىدا تۇرغان، مېنى ئەزالارنىڭ ھەممىسى تونۇيدۇ. تاۋۇز ئالساق، ئۇلار بىزدىن پۇل ئالمايدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالسىمۇ ئاز ئالىدۇ. بۇنىڭ ئاممىغا بولغان تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. بۇ يەردە ئارام ئالمايلى. ناھىيە بازىرىغا تېزرەك بېرىپ، شۇ يەردە سوغۇق چاي ياكى مۇزدەك سۇ ئىچسەك نېمىدېگەن راھەت! — دېدى.

نەچچە كۈندىن كېيىن، جياۋ يۈلۈ «ئۈچ زىيانداشنى يوقىتىش» تەكشۈرۈش ئەترىتىنى باشلاپ كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن مېڭجياۋ چوڭ ئەترىتىگە كەلدى. ئادەملەرنىڭ بەدىنىدىن تەر قۇيۇلاتتى. مېڭجياۋلىقلار جياۋ شۇجىنىڭ قىزغىن ھالىتىنى كۆرۈپ ئېتىزلىقتىن بىرنەچچە يوغان تاۋۇز ئەكەلدى. ئېتى قىزىل، سېرىق ۋە ئاق چىقىدىغان قوم تاۋۇزلارنى كۆرۈپ ھەممىسىنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كەلدى.

تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ تاۋۇز يېگۈسى كەلدى، لېكىن ئۇلار جياۋ يۈلۈنىڭ مۇنداق ئىزاھاتىنى ئاڭلىدى:

— بىز بايا شىمالىي كەنتتە چاي ئىچتۇق، كىم ئۇسسىغان بولسا سۇ ئىچسۇن، تاۋۇز يېيىشكە بولمايدۇ، كۆپچىلىكنىڭ ياخشى كۆڭلىگە رەھمەت!

تومۇز ئىسسىقتا يېزىلارغا تەكشۈرۈشكە چۈشكەنلەرنىڭ بىرەر تىلىم تاۋۇز يېيىشى چاغلىق ئىش. ئەترەت كادىرلىرى تىلىپ قويۇلغان تاۋۇزنى تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ قوللىرىغا تۇتقۇزۇشتى. ئوتتۇرىدا تاۋۇز تەڭلەش ۋە تەڭلەنگەن تاۋۇزنى رەت قىلىش باشلىنىپ كەتتى.

دەل شۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە ئېتىزدىن يانغان بىرنەچچە گۇڭشې ئەزاسى كېلىپ قالدى. جياۋ يۈلۈ نەچچە تىلىم تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى ۋە ھەربىرىگە ئىككى تىلىمدىن تاۋۇز بەردى. ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— تاۋۇزنى ئۇلار تېرىغان، باش بۇرنىنى شۇلار يېسۇن.

ئۇلار ئىتىزدا ئوت ئوتاپ بەللىرى مۇكچىيىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تۆھپىسى بىزنىڭكىدىن چوڭ، تارتقان جاپاسى بىزنىڭكىدىن كۆپ، — دېدى.

تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر شۇجىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كەينى - كەينىدىن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، گۈڭشې ئەزالىرىغا تاۋۇز ئاپىرىپ بەردى.

كۈن ئولتۇراي دېگەن چاغدا، ئۇلار خۇاڭخې دەرياسى چوڭ دامبىسىغا كەلدى. جياۋ يۈلۈ ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسىدىن ئىلھاملىنىپ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە مۇنداق بىر گەپنى قىلدى:

— خۇاڭخې دەرياسىنىڭ دامبىسى توپىنى ئاز - ئازدىن دۆۋىلەشتىن ھاسىل بولغان. ناۋادا دامبىدا تۆشۈك پەيدا بولۇپ ۋاقتىدا ئېتىلمىسە، كېيىن مەسىلىنىڭ چوڭى يۈز بېرىدۇ. كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ شۇنداق، كىچىك ئىشلارغا دىققەت قىلىنمىسا، ئىشنى كىچىك ھالىتىدە تۈتمىسا، كادىرلارنىڭ ئوبرازى ھەم ئاممىنىڭ مەنپەئەتى زىيانغا ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى



# ھەرقانداق بىر جاننى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ

1963 ـ يىلى كەچ كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى لەنكاۋ ناھىيەلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جۇ شىڭلۇڭنىڭ خوتۇنىنىڭ كېسىلى جىددىي قوزغىلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىندى. دوختۇر:

— كېچىكىپ قاپسىلەر، كېسەلنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق، — دەپ، بىمارنى «ئۆلۈم جازاسى»غا ھۆكۈم قىلىپ، بالنىتسىغا ئالمىدى.

دوختۇرنىڭ يەكۈنىنى ئاڭلاپ جۇ شىڭلۇڭ ۋە ئۇنىڭ خىزمەتداشلىرى نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى. جياۋ يۈلۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال دوختۇرخانا باشلىقىغا تېلېفون بەردى. ئۇ تېلېفوندا:

— بىمار ئۆلسە كېسەل كارىۋىتىدا ئۆلسۇن، بىمارنىڭ تىنىقى بولىدىكەن، جىددىي قۇتقۇزۇۋېلىنسۇن، بىمارنى بالنىتسىغا ئالمايدىغان ئىش نەدە بار؟ — دېدى.

جۇ شىڭلۇڭنىڭ خوتۇنى بالنىتسىغا ئېلىندى. جياۋ يۈلۇ يەنە خاتىرجەم بولالماي شەخسەن ئۆزى دوختۇرخانىغا بېرىپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى، كەيفېڭغا بېرىپ داڭلىق بىر دوختۇرنى كېسەل كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. جياۋ يۈلۇ كېسەلگە قان بېرىش لازىملىقىنى، دوختۇرخانىدا قان كەمچىل

ئىكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ھەرقايسى تەرەپلەرنى قان تەقدىم قىلىشقا چاقىردى. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى جەڭچىلىرى، ھامماللار، يەنە كېسەلنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قولۇم - قوشنىلىرى بەس - بەستە ھەممىگە باب كېلىدىغان o تىپلىق قان تەقدىم قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ كېسەل قۇتقۇزۇۋېلىندى...

جۇ شىڭلۇڭ باللىرىغا:

— لاۋ جياۋنىڭ جىگەر كېسىلى بولمىغان بولسا ئۇمۇ قان تەقدىم قىلغان بولاتتى. مەڭگۇ ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، جياۋ شۇجى ئاناڭلارغا ئىككىنچى قېتىم ھاياتلىق بەرگەن، — دېدى.

باھار كۈنلىرىنىڭ بىر چۈشلۈكى جياۋ يۈلۇ قاتتىق بىئارام بولۇپ، ناھىيەلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈندى.

تۇيۇقسىز بۆلۈمگە بىرمۇنچە ئادەم بىر نوسۇلكىنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى. بىمار ئۈچ ياش ئەتراپىدىكى بىر گۆدەك بالا بولۇپ، نەپەس ئېلىشى تېز، چىرايى كۆكىرىپ كەتكەن، ھاياتى خەۋپ ئۈستىدە تۇراتتى. دوختۇر ۋە سېستىرالار جىددىي قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. بىمار خەتەردىن قۇتۇلۇپ، بارا - بارا ھوشىغا كەلدى. لېكىن، دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىمىسا بولمايتتى. بالىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ زاكالەت پۇلى تاپشۇرۇشقا قۇربى يەتمەيتتى.

جياۋ يۈلۇ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى سالاھىيىتىدە ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، جىددىي، ئەمما يېقىملىق تەلەپپۇزدا دوختۇرغا:

— بالىنى نورمال لايىھە بويىچە داۋالاۋېرىڭلار، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى تەشكىل ھەل قىلىدۇ، — دېدى.

ئۇ دەرھال بالىنىڭ دادىسىغا بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىپ، چېڭگۇەن گۇڭشېسىغا بېرىپ بالىنىڭ كېسىلىنى داۋالىتىش قۇتقۇزۇش پۇلىنى ئېلىۋېلىشنى ئېيتتى.

دوختۇر بىلەن كېسەل بالا شۇ چاغدىلا گەپ ـ سۆز قىلماي داۋالاشنى كۈتۈپ تۇرغان بۇ كىشىنىڭ ئۆزلىرىگە بۇرۇندىنلا تونۇش بولغان باشلىق جياۋ يۇلۇ ئىكەنلىكىنى بىلىشتى.

پۇتاۋجيا گۇڭشېسىدىكى جاڭ فامىلىلىك بىر دېھقاننىڭ بېشىغا يەتمىگەن ئوغلى جاڭ شۇيجۇ توساتتىن ئاغرىپ قالدى. بالىنىڭ نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بىچارە بالا تۇرۇپ قىزىپ، تۇرۇپ مۇزلاپ پۇت ـ قوللىرى تارتىشىپ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ، چىرايى كۆكىرىپ كېتىۋاتاتتى.

سوغۇققان ئاتا بىر قۇچاق پاخالغا كېسەل بوۋاقنى ئوراپ سېۋەتكە سېلىپ، كەنتنىڭ سىرتىغا ئاچىقىپ تاشلىۋەتمەكچى بولۇپ تۇراتتى.

ئاپەت ئۈزۈلمەيۋاتقان يېزىلاردا قەدىمدىن تارتىپ مۇنداق بىر ئېچىنىشلىق قوشاق تارقىلىپ يۈرەتتى:

بىچارە نامرات كېسەل بالىنى،
پاخالغا ئوراپ سېۋەتكە سالدى.
بولمىغاچقا ھېچبىر ئامالى،
كۆتۈرۈپ چىقىپ دالىغا تاشلىدى.

«باغرى تاشلىق» بىلەن «تاشلىۋېتىش»نىڭ مەنىسى ئوخشاش. نامراتلارنىڭ كېسەل تەگكەن بالىلىرىنى تاشلىۋېتىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. بىراق، ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى پۇتاۋجيا گۇڭشېسىغا كەلگەن جياۋ يۇلۇ بىر دېھقان بالىنىڭ ئاغرىپ قېلىپ ھاياتىنىڭ خەۋپ ئىچىدە قالغانلىقىنى ئۇقتى.

جياۋ يۇلۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال جاڭ ئائىلىسىگە

يېتىپ كەلدى. ئۇ بىچارە بوۋاقنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بارمۇ ـ يوق ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. جياۋ يۇلۇ بالىنىڭ ئاغزى بىلەن بۇرنى ئارىلىقىدىن قىزىق تىنىقىنى بايقاپ، بىردىنلا روھلىنىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا:

— تاشلىۋەتمەڭلار، بالىنىڭ تىنىقى بار ئىكەن، — دەۋەتتى.

كۆپچىلىك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بالىنىڭ كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆردى. ئاغزى مىدىراۋاتقاندەك قىلاتتى.

جياۋ يۇلۇ:

— ئازراقلا ئۈمىد بولىدىكەن، بالىنى قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەك. مەن بىر پارچە خەت يېزىپ بېرىمەن. بالىنى دەرھال دوختۇرخانىغا ئاپىرىڭلار. بالا ئىنقىلابنىڭ ئىزباسارى. جەزمەن بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇۋېلىش كېرەك! — دېدى.

پۇتاۋجياۋ گۇڭشېسى بىلەن ناھىيەنىڭ ئارىلىقى قىرىق بەش چاقىرىم كېلەتتى. يىگىرمە چاقىرىم يول تۇگىگەندە كېسەل بالىنىڭ ئاتىسى بىر قاپ سەرەڭگە سېتىۋېلىپ بالىنىڭ تىنىقى بارمۇ ـ يوق، بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە بىر تال سەرەڭگىنى ياندۇرۇپ بالىنىڭ چىرايىغا تۇتتى. تىنىقى بولسا ناھىيەگە ئاپىراتتى، تىنىقى بولمىسا تاشلىۋېتەتتى. بالىنىڭ جېنى چىڭ چىقىپ قالدى، تىنىقى خۇددى تەۋرىنىپ تۇرغان بىر تال قىلدەك ئۇنىڭ ھاياتىنى تۇتۇپ تۇراتتى.

ئاتا بىر چاقلىق ھارۋىنى ئىتتىرگەن پېتى دوختۇرخانا ئامبۇلاتورىيەسىگە كىردى. دوختۇر ـ سېستىرالار ئالدىراپ تەق بولۇپ تۇرغانىدى. ئەسلىدە جياۋ يۇلۇ ئۇلارغا بۇرۇنلا تېلېفون بېرىۋەتكەنىدى.

يېرىم كېچىدە، جياۋ يۇلۇ پۇتاۋجيا گۇڭشېسىدىن قايتىپ

www.uyghurkitap.com

كېلىپ بالىنىڭ كېسىلىدە ياخشىلىنىش بولغانلىقىنى بىلىپ، ئاندىن خاتىرجەم بولدى ۋە:

— بۇ دېھقانىنىڭ ئەۋلادى، ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ داۋالاپ ساقايتىڭلار.... — دەپ ئەستايىدىل تاپىلىدى.

داۋالاش خادىملىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن بالىنى قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى. بالىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش كۆرۈلۈپ، سالامەتلىكىمۇ تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. دوختۇر كېسەل بالىنىڭ ئاتىسىغا راست گەپ قىلدى:

— جياۋ شۇجىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولمىسا، ھەرقانچە گەپ قىلغان بىلەنمۇ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوق دەپ قارالغان بۇ بالىنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق. بۇ بالىنىڭ جېنىغا جياۋ شۇجى ئارا تۇردى.

بالا دوختۇرخانىدىن چىققان كۈنى جياۋ يۈلۇ دوختۇرخانىغا يەنە ئالدىراش يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مېھىر- شەپقەت ۋە خۇرسەنلىك چىقىپ تۇراتتى. قۇتقۇزۇپ قېلىنغان بۇ بالىنىڭ ئىسمى «جاڭ جىمياۋ»غا ئۆزگەرتىلدى. بۇ ئىسىمغا جياۋ يۈلۇنى خاتىرىلەش مەنىسى چوڭقۇر يوشۇرۇنغانىدى.



# يېشىللىققا باغلانغان ئۈمىد

جياۋ يۇلۇ قاقاس لەنكاۋ زېمىنىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئاخىر «لەنكاۋنىڭ ئۈچ گۆھىرى: پاۋلونىيە دەرىخى تىكىش، خاسىڭ تېرىش ۋە چىلان ئۆستۈرۈش» ئارقىلىق قۇملۇقنى تىزگىنلەش چارىسىنى تېپىپ چىقتى. «باي بولىمەن دېسەڭ پاۋلونىيە دەرىخى تىك، نامراتلىقتىن قۇتۇلىمەن دېسەڭ خاسىڭ تېرى، ياخشى كۈن كۆرىمەن دېسەڭ چىلان ئۆستۈر» دېگەن چاقىرىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

— پۈتۈن ناھىيەدىكى پارتىيەلىك كادىرلار، — دېدى جياۋ يۇلۇ، — تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ لەنكاۋدا پاۋلونىيە دەرىخى ۋە ئەرمۇدۇن دەرىخىگە ئوخشاش ئاسان تۈتىدىغان سورتلۇق دەرەخلەرنى تىكىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېھاتە ئورمان بەرپا قىلىش قۇرۇلۇشىنى ياخشى يولغا قويۇشى كېرەك. قۇملۇقتا دەل - دەرەخ بولمىسا، قاقاس يەرگە تايىنىپ جان باقىلى بولمايدۇ. ئورمان ئەھيا قىلماي تۇرۇپ لەنكاۋنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. بىر مو ئارتۇق ئەھيا قىلغىلى بولسا بىر مو ئارتۇق ئەھيا قىلىش، بىر تۈپ ئارتۇق تىككىلى بولسا بىر تۈپ ئارتۇق تىكىش لازىم. ئۇرۇق تاللاش ۋە كۆچەت ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، دەل - دەرەخلەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى ئىمكانقەدەر تېزرەك بېكىتىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

بۆلۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئورمان ھوقۇقى گۇۋاھنامىسى تارقىتىش كېرەك.

بۇنىڭدىن قىرىق يىل بۇرۇن «مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىش، بۆلۈپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش» شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىغا كىشىلەر ھەيرانلىق بىلەن ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايدۇ.

جياۋ يۇلۇ قۇملۇق يەرلەرنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يىفىڭنىڭ جەنۇبىدىكى جايلارغا باردى. ئۇ ئاقىرىپ ياتقان قاقاس قۇملۇقتا قۇم ـ بوران تۆپەيلىدىن قۇرۇپ كەتكەن بوغداي مايسىلىرىنى كۆردى. يىجۇاڭ كەنتىدە ئامما ئۇزاق يىللاردىن بېرى ئېيتىپ كېلىۋاتقان مۇنۇ قوشاقنى خاتىرىلىۋالدى:

چاڭجۇاڭ، شۈيجۇاڭ، يىجۇاڭ ئۈچ كەنت،<br>
ئۈچ قۇملۇق كەنتتە بىر كالا.<br>
قوشقا قاتسا كالىنى،<br>
تېپىلماس بىر تال كۆلاھ.

يىفىڭدىكى كۆچمە قۇم لەنكاۋدىكى قۇم دېڭىزىنىڭ بىر بۆرجىكى ئىدى. جياۋ يۇلۇ خەلقنى باشلاپ «ئۈچ ئاپەت» ئىچىدىكى ئەڭ جاھىل «قۇم ئاپىتى»نى يىلتىزىدىن تىزگىنلەش ئۈچۈن، پۈتۈن ناھىيەنىڭ تەبىئىي ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

جياۋ يۇلۇ بىر يۈز يىگىرمە نەپەر كادىرنى ئاجرىتىپ، پېشقەدەم دېھقانلار ۋە كەسپىي تېخنىك خادىملاردىن تەشكىللەنگەن «ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن» تەكشۈرۈش ئەترىتىنى تەشكىللىدى. لەنكاۋدا كەلكۈن ئېقىنىنى قوغلىشىش، بوران

ئېغىزىنى تەكشۈرۈش ۋە كۆچمە قۇمنى چارلاش قاتارلىق خىزمەتلەر كەڭ كۆلەمدە قانات يايدى. تەكشۈرۈش ئەترىتى خۇاڭخې دەرياسى چوڭ توسمىسىنىڭ شىمالىدىكى دامبىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ساپسېرىق قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان كونا ئېقىنى سوزۇلۇپ ياتاتتى.

جياۋ يۇلۇ ئاسماننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ھاۋاغا ئەگرى سىزىق سىزدى ۋە:

— قاراڭلار! بوراننىڭ بوران يولى، قۇمنىڭ قۇم يولى، سۇنىڭ سۇ يولى، ئادەملەرنىڭ ئادەمچە يولى بولىدىكەن. ھەممىسىنىڭ ئۆز يولى بار ئىكەن. بوراننىڭ قۇم يولىغا يۈزلىنىش قانۇنىيىتىنى جەزمەن ئېنىقلاپ چىقىشىمىز كېرەك، — دېدى ئۈنلۈك ئاۋازدا.

لېكىن، كادىرلارنىڭ كۆچەت تىكىشكە قارىتا پىكرى بىر يەردىن چىقمىدى. ئۇلار تالاش - تارتىش قىلىشتى. گۇڭشې ئەزالىرى:

— كادىرلار ۋارقىراشسا ئەزالار ئۇخلايدۇ، پىكىر بىر يەردىن چىقمىسا يېتىپ ئارام ئالىدۇ، — دېيىشتى.

جياۋ يۇلۇ دەل مۇشۇ چاغدا ئەھۋال ئىگىلىگىلى خۇجى چوڭ ئەترىتىگە كەلدى. چوڭ ئەترەت شۇجىسى:

— دەرەخ تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلىشتا ئەزالارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرىش، توغرىسىغا قاتارلاشتۇرۇپ تەكشى تىكىش، تارقاق تىكىلگەن پاۋلونىيە دەرەخلىرىنى كۆچۈرۈپ قايتىدىن تىكىش كېرەك، — دېدى.

— ئادەم كۆچۈرۈلسە جان كىرىدۇ، دەرەخ كۆچۈرۈلسە ئۆلىدۇ. شەكىل جەھەتتىكى كۆركەملىكنى قوغلاشماي، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلايلى، — دېدى چوڭ ئەترەت باشلىقى.

www.uyghurkitap.com

— ئەمسە جىياۋ شۈجى ئەقىل كۆرسىتىپ باقسۇن، — دېيىشتى بىردەك.

جىياۋ يۈلۇ بىرپەس ئويلىنىپ، ئاندىن كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق داۋلىسى بار. ئەمما، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇش لازىم. نۆۋەتتىكى ئاساسىي مەسىلە — قەھەتچىلىكتىن قۇتۇلۇش ۋە ئۆز - ئۆزىنى قۇتقۇزۇش. پاۋلونىيە دەرىخىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئالدى بىلەن قورساق مەسىلىسىگە، ئاندىن كۆركەم بولۇشقا ئېتىبار بېرىش كېرەك، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن «ئالدى بىلەن قورساق مەسىلىسىگە، ئاندىن كۆركەم بولۇشقا ئېتىبار بېرىش» دېگەن سەككىز خەتلىك فاڭجېن ئاممىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ، پۈتكۈل لەنكاۋ ناھىيەسىدە ئورمانچىلىق ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا يېتەكچى فاڭجېنغا ئايلاندى.

جىياۋ يۈلۇ گۈرجەكنى قولىغا ئېلىپ يوغان ۋە چوڭقۇر ئازگالدىن بىرنى كولاپ، ئازگالغا يۇمران پاۋلونىيە كۆچىتى تىكتى. نەچچە ئايدىن كېيىن، ئۇ ئۆزى تىككەن كۆچەتنىڭ ئالدىدا بىر پارچە سۈرەتكە چۈشتى.

كېيىن لەنكاۋلىقلار مۇشۇ بىر پارچە سۈرەتنى كۆرۈپ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرنى ئەسلەشتى:

جىياۋ يۈلۇ بىزنىڭ ياخشى شۇجىمىز،
پاۋلونىيە دەرىخىدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىسىز.
قۇمنى تىزگىنلەش، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇشتا،
قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلدىڭىز.
....

شۇ يىللىرى ناھىيەلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئىككىيلەن تەقسىم قىلىندى. بىرىنىڭ ئىسمى ۋېي جيەنجياڭ، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى جۇ لىچۇ بولۇپ، ھەر ئىككىسى جەنۇبلۇق ئىدى. ئۇلار بۇ قۇم بورانلىق يەرگە مەخسۇس پاۋلونىيە دەرىخى ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

جۇ لىچۇ 1962 ـ يىلى 8 ـ ئايدا لەنكاۋغا كەلدى. ئۇ خۇنەن ئۆلكىلىك ئورمانچىلىق ئىنىستىتۇتى ئورمانچىلىق فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىغا تەقسىم قىلىنغان، سوۋېت ئىتتىپاقى مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىللە يۈرۈپ ئاسپىرانتلىقتا كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن نەنجىڭ ئورمانچىلىق ئىنىستىتۇتىغا ئەۋەتىلگەنىدى.

ئۇ لەنكاۋغا كېلىشتىن بۇرۇن ئەڭ باي شىنياڭ رايونى نەنۋەن ئورمانچىلىق مەيدانىغا تەقسىم قىلىنسىكەن، دېگەن ئارزۇدا بولغان. ئەمما، ئۇنىڭ يۈرگەن قىزى خېبېي شەھىرىدىن بولۇپ، خېنەن ئۆلكىلىك ئورمانچىلىق ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇيتتى. جۇ لىچۇ يۈرگەن قىزىغا يېقىنراق تۇرۇش ئۈچۈن قۇم ـ بورانلىق لەنكاۋغا كەلگەنىدى.

يۈرگەن قىزى ئۇنى كۆرگىلى لەنكاۋغا كېلىپ، توپا ـ چاڭ ۋە بوسقا تولغان ياتاقنى كۆردى. ياتاقتىن تەر ئارىلاش ماي ھىدى كېلەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، بىر سائەتمۇ تۇرماي «خەير ـ خوش» دەپلا كېتىپ قالدى.

بىراق، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى قېچىپ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇلار سىرداش ۋە غەمگۇزار ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىغا يولۇققانىدى. جياۋ يۈلۇنىڭ جەلپكارلىقى ۋە كۆيۈمچان خاراكتېرى ئۇلارنى لەنكاۋدا ئېلىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

جۇلچۇ قۇم بوراننى تەكشۈرۈشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، دەرەخ تىككىلى بولىدىغانلىقى جايلارنى ۋە بوران ئېغىزلىرىنى ئالا قويماي تەكشۈردى. جياۋ يۈلۇ ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىدا قاقاس قۇملۇقتا قۇر ئارىلاپ تىكىلگەن دەرەخ كۆلىمى ئون مىڭ مودىن كۆپرەك ئىدى، 1967 ـ يىلى تەرەققىي قىلىپ ئوتتۇز ئىككى مىڭ موغا يەتتى. 1969 ـ يىلى بۇ ناھىيەدە پاۋلونىيە دەرىخى قۇر ئارىلاپ تىكىلگەن كۆلەم ئەللىك ئىككى مىڭ موغا باردى.

شەندۇڭ، سەنشى، جياڭسۇ، ئەنخۇي ۋە خېبېي قاتارلىق ئۆلكىلەردىن ئادەملەر ئارقا ـ ئارقىدىن ھۇنەر ئۆگىنىشكە كەلدى، ئامېرىكا، ياپونىيە، ئوتتۇرا شەرق ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق ئەللەردىكى دوستلارمۇ ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا كەلدى.

لەنكاۋنىڭ كۆكەرتىش خىزمىتى قىزغىن داۋاملىشىۋاتقان بولسىمۇ، جياۋ يۈلۇ مۇنداق «بەش يېتىشمەسلىك» ئەھۋالىنىڭ، يەنى رەھبەرلىك يېتىشمەسلىك، ئىدىيەدە يېتىشمەسلىك، باشقۇرۇش يېتىشمەسلىك، سىياسەت يېتىشمەسلىك، يېزا ئىگىلىكىنى قوللاشتا ھەرقايسى تارماقلار يېتىشمەسلىك ئەھۋالىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ، تۈزىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

جياۋ يۈلۇ ھەربىر كادىردىن «بەش يېتىشمەسلىك»كە سېلىشتۇرۇپ، ئۆزىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئىش ـ ھەرىكىتىنى ۋاقتىدا تۈزىتىپ، رەھبەرلىك ئۇسۇلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. ئاندىن كېيىن خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىكى مۇنداق ئون تۈرلۈك تەجرىبىنى خۇلاسىلەپ چىقتى:

بىرىنچى، پارتىيە رەھبەرلىكىگە تايىنىش.
ئىككىنچى، ئاممىغا تايىنىش.
ئۈچىنچى، دېموكراتىيەنى جارى قىلدۇرۇش.
تۆتىنچى، خىزمەتلەرنى داۋاملىق خۇلاسىلەپ تۇرۇش.
بەشىنچى، سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىش.
ئالتىنچى، ئاكتىپلاردىن پايدىلىنىش.
يەتتىنچى، ئامىنىڭ ئىدىيەسىنى ئىگىلەش.
سەككىزىنچى، ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاش.
توققۇزىنچى، پارتىيەنىڭ سىياسىتىنى ئۆگىنىش.
ئونىنچى، خىزمەتلەرنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۇقىرىغا دوكلات قىلىش.

1963 - يىلى 3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى جياۋ يۈلۈ ئورمانچىلىق خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا پۇتكۇل ناھىيەنىڭ ئورمان ئەھيا قىلىش، ئورمان ئۆستۈرۈش، ئورمانلارنى ئاسراش جەھەتلەردىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرى يەكۈنلىنىپ، 1963 - يىللىق ئورمان ئەھيا قىلىش پىلانى تەتقىق قىلىندى ۋە ئورمانچىلىق خىزمىتىدىكى بىر تۈركۈم ئىلغار گۇرۇپپا، ئەترەتلەر ۋە ئىلغار شەخسلەر تەقدىرلەندى.

— 3 - ئاينى ئورمان ئەھيا قىلىش ۋە ئورمان ئاسراش ئېيى قىلىپ بېكىتەيلى، — دەپ تەكىتلىدى جياۋ يۈلۈ. ئۇ «3 - ئاينى ئورمان ئەھيا قىلىش ۋە ئورمان قوغداش ئېيى قىلىپ بېكىتىش»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئالدىن كۆرەرلىكىنى نامايان قىلدى.

يىغىندىن كېيىن جياۋ يۈلۈ چېڭگۈەن رايونىنىڭ شۇ چاغدىكى باشلىقى، كېيىن «ئۈچ زىيانداش»نى يوقىتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بولغان جو شىگلۇڭ بىلەن بىللە قوم

ئارىلاش چىقىۋاتقان شىددەتلىك بورانغا قارىماي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، خۇجى، ۋاڭجۇاڭ، گاۋچاڭ، جياڭلو ۋە ئىرباجەي قاتارلىق بەش كەنتكە باردى. ئۇلار نەدە بوران قاتتىق بولسا شۇ يەردە، نەدە قۇم بارخانلىرى ئېگىز بولسا شۇ يەردە چېپىپ يۈردى. بايقالغان ھەربىر بوران ئېغىزىنى خاتىرىلەپ ماڭدى.

جياۋ يۈلۇ چېڭگۇەن رايونىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئالتە گۇڭشېنىڭ كادىرلىرىغا يىغىن ئاچتى. ئۇلاردىن بىرتۇتاش ھەرىكەتكە كېلىپ ئورمان ئەھيا قىلىش، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1963 - يىلى ئەتىيازدا ئالتە گۇڭشې بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئىھاتە ئورمان بەلبېغىدىن بەشنى بەرپا قىلىپ، «بىرلەشمە مۇداپىئە» سېپىنى شەكىللەندۈردى.

4 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى پاۋلونىيە دەرەخلىرى بىخ چىقىرىدىغان چاغدا، جياۋ يۈلۇ ۋېلايەتلىك لاۋخەنلىڭ كەنتىگە بېرىپ «ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش سېپىدىكى كىچىك باتۇرلار»نى يوقلىدى. بۇ كەنتتە جاڭ گېنشېڭ، جاڭ گېنچۈن ۋە جاڭ ئېرباۋ ئىسىملىك ئون نەچچە ياشلىق ئۈچ ئۆسمۈر بار ئىدى. ئۇلار دالىدا پاخالدىن ئالچۇق ياساپ، مەيلى يامغۇرلۇق ياكى قۇم بورانلىق كۈنلەردە بولسۇن، ئالچۇققا كىرىۋېلىپ ئورمانغا قارايتتى. جياۋ يۈلۇ ئۇلارنى «ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش سېپىدىكى كىچىك باتۇرلار» دەپ ئاتايتتى.

7 - ئاينىڭ بىر كۈنى، جياۋ يۈلۇ چېڭگۇەن گۇڭشېسىنىڭ شۇجىسى بىلەن بىللە ئورمان قوغداش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى خۇجى، لاۋخەنلىڭ تەرەپلەرگە ئۆتتى. يولدا جياۋ يۈلۇ گۇڭشې شۇجىسىدىن:

— ئورمان ئەھيا قىلىش ئاسان، مۇھاپىزەت قىلىش تەس.

سىلەرنىڭ گۇڭشېدا ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى قانداقراق؟ — دەپ سورىدى.

— پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى! — دەپ جاۋاب بەردى گۇڭشې شۇجىسى.

— يولغا قويۇشنى قانداق تەشكىللىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى جيا يۇلۇ يەنە.

شۇجى سىستېمىلىق قىلىپ:

— بىرىنچىدىن، خۇجىدا بىر ئورمانچىلىق ساقچىخانىسى تەسىس قىلىندى. ئىككىنچىدىن، ھەرقايسى ئەترەتلەردىن مەخسۇس ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى ئاجرىتىلدى. ئۈچىنچىدىن، ھەرقايسى يول ئېغىزلىرىدا ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش تەشۋىقات پونكىتى قۇرۇلدى. تۆتىنچىدىن، ھەممە ئەترەتتە ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ھەربىر ئائىلە ئورمان ئاسراش ئەھدىنامىسى ئىمزالىدى... — دەپ جاۋاب بەردى.

جياۋ يۇلۇ كۈلۈپ كەتتى. خۇجى كەنتىنىڭ بېشىغا بارغاندا، ئاخبارات خادىمى ليۇ جۇنشىڭنىڭ تۆت ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلەپ پاۋلونىيە دەرىخى تۈۋىدە سايىداپ تۇرغان خوتۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. جياۋ يۇلۇ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ بالىنى قولىغا ئېلىپ:

— ئوبدان بالام، ماڭا پاۋلونىيە يوپۇرمىقىدىن بىر تال ئۈزۈپ بەرگىن، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ھېلىقى بالا شۇ ھامان يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ:

— ياق، ئاپام ئۇرىدۇ، خەق جەرىمانە قويىدۇ، — دېدى.

جياۋ يۇلۇ بالىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىغا تەگكۈزۈپ، يەنە يوپۇرماق ئۈزۈشكە قىزىقتۇرۇۋېدى، بالا يىغلاپ كەتتى. ئۇ بالىنى ماختاپ، كەمپۈت ئېلىپ بېرىشكە لەۋز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلدى.

ئۇلار پاراڭ سېلىشقاچ لاۋخەنلىڭ كەنتىنىڭ بېشىغا يېتىپ كەلدى. قىزىل گالستۇكلۇق بىر توپ بالا مەكتەپتىن قايتىشقانىدى. جياۋ يۈلۈنىڭ يەنە قىزىقچىلىق قىلغۇسى كەلدى. ئۇ قەستەنگە: «كۈن بەك ئىسسىپ كەتتى. پاۋلونىيە دەرىخى يوپۇرمىقىدىن بىر تال ئۈزۈپ يەلپۈگۈچ قىلمايمۇ؟» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

بۇ بىر توپ «قىزىل گالستۇكلۇق» بالا قەدەملىرىنى «شاپىدە» توختىتىپ، جياۋ يۈلۈغا نەزەر تاشلىدى ھەم ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ ئۇنى نازارەت قىلىشقا باشلىدى. جياۋ يۈلۈنىڭ راستىلا بىر تال يوپۇرماقنى ئۈزگەنلىكىنى كۆرگەن بۇ بىر توپ بالا «دۈررىدە» يوپۇرۇلۇپ كېلىپ جياۋ يۈلۈنى ئارىغا ئېلىۋالدى ۋە ھەممىسى بىردەك:

— جەرىمانە تۆلە، جەرىمانە قويايلى! — دەپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

جياۋ يۈلۈ ئالاقزەدە بولغان قىياپەتتە «قىزىل گالستۇكلۇق» بالىلاردىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەپ:

— ماڭا رەھىم قىلىڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن ئۈزمەيمەن، — دېدى.

— بولمايدۇ. مۇئەللىم بىزگە مەيلى كىم بولسۇن، پاۋلونىيە دەرىخىنىڭ بىر تال يوپۇرمىقىنى ئۈزسە، شۇنىڭغا بىر يۈەن جەرىمانە قويۇلىدۇ، دېگەن، — دېدى.

جياۋ يۈلۈ بىر يۈەن چىقىرىپ «قىزىل گالستۇكلۇق» بالىلارغا بەردى. غەلىبە قىلغان «قىزىل گالستۇكلۇق» بالىلار سەكرىشىپ كېتىشتى. پۇلنى چۇرقىراشقان پېتى ئەترەت باشلىقىغا ئاپىرىپ بېرىشتى. جياۋ يۈلۈ گۇڭشې پارتكومىنىڭ

شۈجىسىغا:
ــ باركاللا ! بۇ باللارنىڭ ھەممىسى ياخشى ئىكەن ! ــ دېدى.
ئۆلارنىڭ ئالدىدىن مۇشۇ چوڭ ئەترەت ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چىقىپ قالدى. شۇجىنىڭ چىرايى غەزەپلىك، كۆزلىرىدە ياش لىغىرلاپ تۇراتتى. ئۇ:
ــ ياخشى، تازا ياخشى بولدى، ناھىيە ۋە گوڭشې شۇجىلىرى كەپتۇ مانا... ــ دېدى.
ــ نېمە ئىش بولدى؟ ــ دەپ ئالدىراپ سورىدى ئۇنىڭدىن جياۋ يۈلۇ.
ــ بىرسى يېڭى تىكىلگەن پاۋلونىيە كۆچىتىنى قۇرۇتۇپ قويۇپتۇ. تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ تۇراتتۇق، ــ دېدى چوڭ ئەترەت شۇجىسى زەردە بىلەن.
ــ ياخشى، ــ دېدى جياۋ يۈلۇ، ــ پاۋلونىيە كۆچىتىنىڭ تەزىيە مۇراسىمىغا مەنمۇ قاتنىشىمەن.
بارماق تومىلۇقىدىكى قۇرۇپ قالغان كۆچەت ئالدىدا ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، گوڭشې ئەزالىرى بىلەن بىللە تۇرۇپ كۆچەتكە تەزىيە بىلدۈردى. ئۇلارنىڭ كۆچەتنىڭ چوڭ بولۇشىغا ئىنتىزار بولغان ھېسسىياتى ئوغۇل - قىزلىرىغا يۈزلىنىپ تۇرغان ئاتا - ئانىلارنىڭ ھېسسىياتىغا ئوخشايتتى.
1963 - يىلى 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جياۋ يۈلۇ «كۆپلەپ ئورمان ئەھيا قىلىپ ۋە ئورماننى ياخشى ئاسراپ، لەنكاۋنىڭ قىياپىتىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىش توغرىسىدا پىكىر»نى تۈزۈپ چىقتى. «پىكىر»دە: ئورمانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ناھىيەمىزدىكى قۇملۇق رايونلارنىڭ ھايات - ماماتىغا

مۇناسىۋەتلىك. قۇملۇق رايونلاردا ئورمان بولسا ئاشلىق بولىدۇ، قۇملۇق رايونلار جەزمەن «ئورمانلىق ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى قوغداش، يېزا ئىگىلىكى بىلەن ئورمانچىلىقنى زىچ بىرلەشتۈرۈش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەممە ئادەم كۆچەت تىكىدىغان، ھەممە ئادەم كۆچەتنى سۆيىدىغان ھەم ئاسرايدىغان ياخشى ئىستىلنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك» دېيىلدى.

1963 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا لەنكاۋ ناھىيەسىنىڭ ئۈچىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىلدى. قۇرۇلتايدا جياۋ يۈلۇ ۋەزىيەت توغرىسىدا دوكلات بەردى. ئۇ دوكلاتىدا:

— بىر يىلدىن بۇيان پۇتكۈل ناھىيەدە يىگىرمە بىر مىڭ قىرىق مو مو يەرگە ئورمان ئەھيا قىلىندى، يەتتە يۈز يەتمىش ئۈچ مو يەردە كۆچەت ئۆستۈرۈلدى. پۈتكۈل ناھىيە مىقياسىدا بىر مىليون تۆت يۈز ئاتمىش مىڭ تۈپ كۆچەت تىكىلدى، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئورمان بەلبېغى بىر يۈز سەكسەن ئالتىگە يەتتى، سەكسەن ئۈچ بوران ئېغىزى ئېتىلدى... — دېدى.

جياۋ يۈلۇ كېلەر يىلى باھاردا پۈتكۈل لەنكاۋ زېمىنىنىڭ يېشىللىققا پۈركىلىپ، كەڭ زېمىنىدىكى پارچە ـ پارچە قۇملۇقلارنى يوتۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

شۇ كۈنى جياۋ يۈلۇ شورلۇق يەر كۆلىمىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن جاڭجۇاڭ كەنتىدىكى كۆچەتزارلىققا باردى. كۆچەتزارلىقنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرگەچ، ئورمان ئەھيا قىلىش لايىھەلىگۈچىلىرى ۋېي جيەنجياڭ بىلەن جۇ لىچۈنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى.

جياۋ يۈلۇ ئاكىلىق سۆيگۈسىدە مېھرىبانلىق بىلەن:

— ئوبدان ئىشلەڭلار، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى،

پاۋلونىيە دەرىخى بازىسى كۆپكۆك دېڭىز بولسا، سىلەر مۇشۇ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن بېلىق. ئوبدان ئۆگىنىڭلار مەلۇماتلىق ياشلار، داۋاملىق يىلتىز تارتىڭلار، زېمىندىن ئوزۇقلۇق ئېلىڭلار، قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىڭلار، لەنكاۋنىڭ بۈگۈنىدىن كېيىنكى قىياپىتى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، — دەپ ئۇلارنى ئىلھاملاندۇردى.

جياۋ يۈلۈنىڭ قايغۇسى ۋە ئۈمىدى مۇشۇ بىر جۈملە سۆزگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# باياۋاندىكى جەڭ

تۇرار چىڭخەي تەرەپتە قارلىق تاغنى تۇمان قاپلاپ،
باقمىز يىراقلاردىن يۇمېنگۇەنگە نەزەر تاشلاپ.
باياۋاندىكى جەڭدە يالتىرار قۇياق ـ ساۋۇتلار،
قايتماسمىز ئاخىر كىروراننى قىلىپ بەربات.

مەردانىلىق بىلەن جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ قەدىمىي شېئىرنى جياۋ يۇلۇ جەنۇبىي گۇشەن باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن تارتىپ يادلىۋالايتتى. ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئۇ لەنكاۋدىكى قۇم بارخانلىرى بىلەن شورلۇق يەرلەرگە يۈزلىنىپ تۇرغان شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ قەلبى شىجائەتكە ۋە جاسارەتكە تولدى. باياۋان بىلەن بولغان كۈرەشتە جەڭدىن يانماسلىق ئىرادىسىگە كەلدى.

جياۋ يۇلۇ 7 ـ ئايدىكى تومۇز ئىسسىقتا ئومۇميۈزلۈك ماتېرىيال ئىگىلەش ئۈچۈن، كۆچمە قۇملۇقلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتى قۇردى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى بۇ ئەترەت ھەرقايسى گوڭشې ۋە ھەرقايسى چوڭ ئەترەتلەردىكى ئاممىنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن قىرىق بىر كۈن جاپالىق كۈرەش قىلىپ مىڭ چاقىرىمدىن ئارتۇق يول باستى. ناھىيەدە ئۇلارنىڭ ئايىغى تەگمىگەن بۇلۇڭ ـ پۇچقاق قالمىدى. قاقاسلىق، قۇم بارخانلىرى ۋە بوران ئېغىزلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا، زىرائەتلەرگە

يەتكەن زىيان دەرىجىسىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ۋە ئۆلچەش ئېلىپ باردى ھەمدە تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى:

بىرىنچى، قاقاس يەر كۆلىمى يىگىرمە تۆت مىڭ مو، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىلكىدىكى قاقاس يەر سەكسەن ئالتە مىڭ مو، كوللېكتىپ ئىلكىدىكى قاقاس يەر ئون بەش مىڭ تۆت يۈز مو.

ئىككىنچى، قۇم بارخانلىرى جەمئىي ئىككى يۈز ئاتمىش بىر، قۇم بارخانلىرى توپى ئاتمىش ئۈچ، قۇم دۆڭلۈكى ئون يەتتە، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى ئون سەككىز مىڭ يەتتە يۈز ئەللىك بەش مو، ئەڭ ئېگىز قۇم بارخىنىنىڭ ئېگىزلىكى توققۇز مېتىر توقسان سانتىمېتىر.

ئۈچىنچى، چوڭ بوران ئېغىزى ئاتمىش ئالتە، زىيان يەتكەن زىرائەت ئوتتۇز مىڭ مو. بۇنىڭ ئىچىدە ئون ئىككى مىڭ مو يەردىكى زىرائەتتىن ھوسۇل ئېلىنمىغان، ئون سەككىز مىڭ مو يەردىكى زىرائەتنىڭ ھوسۇلى ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ، تەخمىنەن ئوتتۇز مىليون جىڭ ھوسۇل كەم ئېلىنغان.

نەتىجە شۇكى، بىر قاتار رەھىمسىز رەقەملەرنىڭ كەينىدە كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل نەچچە ئون مىڭ ئامىنىنىڭ يىغا - زارى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جياۋ يۇلۇنىڭ بەستى قاتتىق سىلكىندى، ئۇنىڭ باياۋان بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش ئىرادىسى ھەسسىلەپ چىڭىدى.

1963 - يىلىنىڭ بېشىدا جياۋ يۇلۇ تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن پەن - تېخنىكا خادىملىرىغا شەخسەن ئۆزى باشلامچىلىق قىلىپ، ئورمانچىلىق بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ليۇ شۇلىگىنى ئەترەت باشلىقى قىلىپ، ھەرقايسى گۇڭشېلار ئاجراتقان خادىملارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن پۈتكۈل ناھىيەدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاقاسلىق، قۇم بارخانلىرى، بوران ئېغىزلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى يەنە بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى.

مۇشۇنداق جاپالىق كۈنلەردە جياۋ يۈلۇ يەيدىغىنىنى ئېلىپ، سۇدانىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىغا قارىماي، قۇم بوراندا قېقىلىپ - يۆتىلىپ كەتسىمۇ پەرۋا قىلماي، كۆپچىلىك بىلەن بىللە يول يۈردى. قاقاس قۇملۇقتا كۈچلۈك قۇياش نۇرى كۆزنى چاقاتتى، يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئەللىك گرادۇسقا چىققانىدى. شور تەپتى ئارىلاشقان قىزىق ھاۋا تېرىنى كۆيدۈرۈپ قىزارتىۋېتەتتى، بەزىلەرنىڭ ئېغىز - بۇرنىنى چاقا بېسىپ كەتتى.

ھاۋا ئوتتەك قىزىپ كەتكەن شامالسىز بىر كۈنى ئۇلار جاۋ يىڭ گۇڭشېسى تەۋەسىدىكى جۇئەنسۇن قۇم بارخىنىنى تەكشۈردى. مەزكۇر كەنت ناھىيە بويىچە ئەڭ مەشھۇر قۇملۇق جاي ئىدى. كەنتنىڭ شىمالىدىكى بىر قۇم بارخىنى قىرىق مو يەرنى ئىگىلىگەن، ئېگىزلىكى توققۇز مېتىر توقسان سانتىمېتىر بولۇپ، بۇ ناھىيەدىكى ئەڭ ئېگىز قۇم بارخىنى ئىدى. كەنتنىڭ شىمالىدىكى يەنە بىر قۇم بارخىنىنىڭ ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر سەكسەن سانتىمېتىر بولۇپ، ناھىيە بويىچە ئىككىنچى ئېگىز قۇم بارخىنى ئىدى. ئۇ ئوتتۇز مو يەرنى ئىگىلەپ ياتاتتى.

جاڭجۇاڭ چوڭ ئەترىتىنى تەكشۈرگەندە، جياۋ يۈلۇ قۇمساڭغۇ توپا دۆۋىلەپ قويۇلغان قەبرىگە بىر چى قېلىنلىقتىكى سېغىز لاي يېپىتىلغانلىقىنى بايقىدى. بۇنداق سېغىز لاي لەنكاۋ تەۋەسىدە ھەددى - ھېسابسىز تولا ئىدى.

جياۋ يۈلۇ بۇ ئىشنىڭ كەشپىياتچىسى ۋېي دۇبىننى تاپتى. بۇ ۋاپادار ئوغۇل ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە لاي يېپىتقانىدى. سېغىز

لاي يېيىتىلغىنىغا نەچچە يىل بولغان بۇ قەبرە ھەرقانچە كۆچلۈك بوراندىمۇ مەزمۇت تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

جياۋ يۈلۈ ئەھۋالنى ئىنچىكىلەپ ئىگىلەپ كۆلۈپ كەتتى ۋە:

— بىر ئادەم بىر ئەتىگەندە بىر قەبرىگە سېغىز لاي يېيىتىپ بوپتۇ، گۇڭشېمىزدا كۆچەت كۆپ، مىڭ ئادەم، ئون مىڭ ئادەم ئۈچ يىل ئىشلىسە، يېقىن ئەتراپتىكى سېغىز لاي ئالغىلى بولىدىغان جايلاردىكى سېغىز لايدىن پايدىلىنىپ، قۇم بارخانلىرىغا يېيىتساق، ئاندىن دەل - دەرەخ، ئوت - چۆپ تېرىساق، قۇم بارخانلىرى يېشىللىقتا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتى، — دېدى خۇشاللىقىدا.

جياۋ يۈلۈ بۇ چارىنى پۈتكۈل ناھىيەگە كېڭەيتمەكچى بولدى. ئۇلار بۇ جەريانىنى تەسۋىرلەپ ئوپېرا قىلىپ ئىشلىدى. «قەبرىگە سېغىز لاي يېيىتىش» ناملىق بۇ ئوپېرادا ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئېلىشىش ناخشا ئارقىلىق ھېكايە قىلىناتتى.

بۇ ئوپېرادا جىڭ شاۋلەن گۈرجەككە سېغىز لاي ئېلىپ ئاتىسىنىڭ قۇم دۆۋىلەكلىك قەبرىسىگە سېغىز لاي يېيىتىدۇ. شاۋلەننىڭ ئانىسى ھەسرەت بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ:

ئانا دەپ توۋلايمەن قەبرە بېشىدا،
باغرىمغا سانجىلدى پىچاق بىلەمسەن؟
قۇمنى تىزگىنلەشچۈن ئۇلۇغ بوۋاڭ ئايرىلىپ بىساتىدىن،
كېيىن ھارغىنلىق يېتىپ ھاياتىدىنمۇ ئايرىلغان.
ئاتاڭنىڭ قوزغىلىپ جىگەر كېسىلى،
بۇ قۇملۇق ئۈچ ئەۋلادنىڭ بېشىغا چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچ ئەۋلاد قۇم بارخىنىدا بىر ـ بىرلەپ ئۆلۈپ،
چۈشتى ئىغىر يۈك ئەمدى قىزىم ئۈستىگە.

شاۋلەن:
سېغىز لاي بىلەن قەبرە ساق قالدى،
غەيرىتىمىزدىن قۇم تىزگىنلەندى.
لەنكاۋدا ئۈچ يۈز ئاتمىش مىڭ ئادەم ھەربىكەتكە كەلسە،
ساناقسىز قۇم بارخانلىرى قورقۇتالماس بىزنى.
ھەربىر ئادەم بىر گۈرجەكتىن توپا ئالسا،
بېسىپ چۈشىمىز قىرى يۈيگۈڭنى.

سېغىز لاي بىلەن قۇم باستۇرۇش كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئويۇن شەكلىنى ئېلىپ، قۇم ئۈستىدىن غالىب كېلىشتە لەنكاۋلىقلارنىڭ ئەڭگۈشتىرىگە ئايلاندى.

جياۋ يۈلۇ 1963 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى چېڭگۈەن گۈڭشېسىنىڭ خەنسۈن كەنتىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئاپەتتىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا مۇناسىۋەتلىك تەجرىبە ۋە نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلىشىگە ياردەم بەردى. يەر ـ زېمىن توڭلاپ چويۇندەك قېتىپ كەتكەن 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جياۋ يۈلۇ جاڭ جۇنمو گۈڭشېسىغا قاراشلىق جاۋدۇلۇ كەنتىدە قۇم ـ بورانىنى تىزگىنلەش نەق مەيدان يىغىنى چاقىردى.

يىغىندا جاۋدۇلۇ چوڭ ئەترىتى قۇم بورانىنى تىزگىنلەش ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. بۇ چوڭ ئەترەتنىڭ ئۈچ مىڭ بەش يۈز ئاتمىش مو يېرى قۇم بوران ئاپىتىگە ئۇچرىغانىدى. بۇ سان ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ قىرىق يەتتە پىرسەنتىنى تەشكىل

قىلاتتى. جياۋ يۇلۇ مەزكۇر ئەترەتكە كېلىپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنى بىرلىكتە چارە ـ ئامال تېپىشقا سەپەرۋەر قىلدى ۋە سەنيىجەي كەنتىدىكىلەرنىڭ چوڭ بىر قۇم بارخىنىغا سېغىز لاي ياتقۇزۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. جاۋ دۇلۇ چوڭ ئەترىتى جياۋ يۇلۇنىڭ تەسىرىدە بىر ئايدىن ئارتۇق جاپالىق كۈرەش قىلىپ، بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرۇشتا دەسلەپكى غەلىبىگە ئېرىشتى.

ئۇلار قۇم بورانىنى تىزگىنلەشنىڭ مۇنداق تۆت تۈرلۈك چارىسىنى خۇلاسىلەپ چىقتى:

بىرىنچى، سېغىز لاي بىلەن قۇم باستۇرۇلدى. جاۋدۇلۇ چوڭ ئەترىتىنىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنىڭ ئۈستى قۇمساڭغۇ، ئاستى سېغىز لاي ئىدى.

ئىككىنچى، ئورمان ئەھيا قىلىنىپ قۇم تۇراقلاشتۇرۇلدى. چوڭقۇراق بوران ئېغىزلىرىغا ئون رەت دەرەخ بىلەن چاتقال ماسلاشتۇرۇلغان ئاساستا تىكىپ ئۆستۈرۈلۈپ، بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئورمان بەلبېغى ھاسىل قىلىندى.

ئۈچىنچى، بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش ئازگىلى كولىنىپ، بوراندىن ساقلىنىش تېمى قوپۇرۇلدى. كۆچەت تىكىش ۋە سېغىز لاي كولاش ئىمكانىيىتى بولمىغان قۇملۇق رايونلاردا بىر مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئازگال كولاندى. چىققان توپىدىن تام ھاسىل قىلىنىپ، زىرائەتلەر قۇم بورانىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىدىن ھەر ھالدا ساقلاپ قېلىندى.

تۆتىنچى، قۇم بارخانلىرىغا سېغىز لاي ياتقۇزۇلدى. ياتقۇزۇلغان سېغىز لاي تۆت سۇڭدىن يېرىم چىغىچە قېلىنلىقتا بولدى، ئاندىن كۆچەت قويۇلدى.

جياۋ يۇلۇ ئوبرازلىق قىلىپ، سېغىز لاي ياتقۇزۇشنى

«مەلھەم چاپلاش»قا، ئاق ئاكاتسىيە ۋە پاۋلونىيە دەرىخى تىكىپ ئۆستۈرۈشنى «يىڭنە سانجىش»قا ئوخشاتتى. ئۇ پۈتكۈل ناھىيە تەۋەسىدىكى قۇملۇق رايونلارنى جاۋدۇلۇ ئەترىتىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن ئۆگىنىپ، قۇم بوران بىلەن بولغان جەڭدە تۇرلۇك تاكتىكىلارنى قوللىنىپ، قۇملۇق رايونلارنىڭ قىياپىتىنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگەرتىشكە چاقىردى.

1964 - يىلى يېڭى يىل كۈنى لەنكاۋ ناھىيەلىك پارتكوم ساق بىر يىل پىداكارلىق بىلەن كۈرەش قىلغان ئورگان كادىرلىرىنى يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇۋەتتى.

لېكىن، جياۋ يۈلۇ ئارام ئالمىدى. ئۇ «ئۈچ زىياندىش»نى تىزگىنلەش ماتېرىيالىنى بىر ۋاراق - بىر ۋاراقتىن كۆرۈپ، تاماقنى ئۇلاپ چېكىپ كەتتى. جىگەر كېسىلىمۇ خېلى ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ئىشتا ئۇ ئۆزىنى ئالدىيالىغىنى بىلەن باشقىلارنى ئالدىيالمايتتى. ئۇ دائىم تانا بىلەن قوۋۇرغىسىنىڭ ئۈستىنى مەھكەم چىگىپ ئاغرىقنى باساتتى. كېيىن قوناق شادىسى، پەي قاقۇچ، قەلەم ۋە ئاياغ چوتكىسى قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاغرىغان يېرىگە تىرەيدىغان بولدى. جياۋ يۈلۇنىڭ توقۇلما ئورۇندۇقىنىڭ ئوڭ يان تەرىپى قاتتىق نەرسىلەر تىرەلگەنلىكتىن تېشىلىپ كەتكەنىدى.

بايا كۆرگەن ماتېرىيالدىن يېڭى تەپەككۇرغا ئىگە بولغان جياۋ يۈلۇ ئىشخانىسىدىن چىقىپ، ۋېلىسىپىتلىك چېڭگۈەن گۇڭشېسى تەۋەسىدىكى خەنسۈن كەنتىگە باردى - دە، تەجرىبىلىك ئالتە دېھقان بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى تەپەككۇرىنى ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدىن ئۆتكۈزدى. جياۋ يۈلۇ بىر پارچە يەرنى سىناق تەرىقىسىدە پەلەمپەي ئېتىزى قىلىش ئۈچۈن

كەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئېتىزلىقتا باردى. ئاندىن ئۇ پاسىلغا بەلگە سېلىپ بولۇپ، گۈرجەكنى قولىغا ئېلىپ ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن جىگىرى كۆيۈشۈپ بىر پەس قاتتىق ئاغرىغاندى، گۈرجەكنىڭ سېپىنى ئوڭ بىقىنىغا تىرەپ، چىشىنى چىشلەپ دەم ئالغان بولۇپ بىردەم تۇردى.

بىراق، ئۇ كېسەلنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان بارلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئەھۋالنى بىلدىغان كىشىلەرنى ئالدىيالمايتتى. كۆپچىلىك تەڭلا ئۇنىڭغا يەرنى ئەمدى كولىماسلىقنى، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. جياۋ يۈلۇ پەرۋا قىلمىغان ھالەتتە:

— بىز ئاز - تولا جاپا تارتساق، ھېرىپ - چارچىساق كېرەك يوق. نامراتلىقنى يىلتىزىدىن يوقاتساق، كەلگۈسى ئەۋلادلار ياخشى كۈنلەرگە ئۇلىشىدۇ، — دېدى.

ئۇنى ھېچكىم نەسىھەت قىلىپ توسىمىدى، چۈنكى نەسىھەت قىلغان بىلەنمۇ بىكار ئىدى. ئۇلار ئانچە كۈچىمەيلا جياۋ يۈلۇ لايىھەلىگەن پەلەمپەي ئېتىزى ئۆلچىمى بويىچە يەنە يۈز نەچچە مو پەلەمپەي ئېتىز ياسىدى.

1964 - يىلى پەلەمپەي ئېتىزدىكى زىرائەتلەردىن ياخشى ھوسۇل ئېلىندى، مو بېشى مەھسۇلاتى 1962 - يىلدىكىدىن بەش ھەسسە ئاشتى.

جياۋ يۈلۇ ئاغرىق ئازابىغا چىداپ، «ئۈچ زىيانداش»نى يوقىتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جۇ شېڭلۇڭ قاتارلىق بىر تۈركۈم ئادەمنى باشلاپ، ھەرقايسى گۇڭشېلارنىڭ قۇم بارخانلىرىغا «مەلھەم چاپلاش» ۋە «يىڭنە سانجىش» ئەھۋالىنى تەكشۈردى. ئۇلار جاۋيىڭ گۇڭشېسىنىڭ جاڭجۇاڭ چوڭ ئەترىتىگە كېلىپ، سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامالدا سېغىز

لاي بىلەن قومنى باستۇرۇۋاتقان توپ ـ توپ دېھقانلارنى كۆردى، بۇرۇنقى قۇملۇق مانا ئەمدى شەپەقتىن رەڭ ئالغاندەك قىزارغان ھالەتتە جىياۋ يۈلۈنىڭ كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتاتتى. ئەسلىدە بۇ يەردىن قىزىل سېغىز لاي چىقاتتى.

جىياۋ يۈلۈ ناھىيەلىك پارتكومغا زەپەر قۇچقان گېنېرالدەك روھلۇق قايتىپ كەلدى ۋە «ئۈچ زىيانداش»نى تىزگىنلەش ئەھۋالىدىن قىسقىچە ئاغزاكى خۇلاسە چىقاردى:

قۇمنى تىزگىنلەش: قۇملۇق رايونلاردا ئورمان بولمىسا جاننى باققىلى بولمايدۇ، بۇ ئاساسىي ئەھۋال. ئورمان بولسا ئاشلىق بولىدۇ، ئورمان بولمىسا ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، بۇ مۇھىم نۇقتا. ئورمان بىلەن دېھقانچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئورمان بىلەن دېھقانچىلىقنى بېقىش، دېھقانچىلىق بىلەن ئورمانچىلىقنى بىر ـ بىرىگە تايىنىدىغان قىلىش، زىچ ماسلاشتۇرۇش، بۇ — فاڭجېن. ئورمان ئەھمىيا قىلىپ بوراندىن مۇداپىئەلىنىش، بۇ — ئۇزاق يىللىق پىلان. ئوت ـ چۆپ ئۆستۈرۈپ قۇمنى تىزگىنلەش، شۇ يىلى ئۈنۈمنى كۆرۈش، بۇ — نىشان. سېغىز لاي بىلەن قۇمنى باستۇرغاندا دەرھال ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ. ئۈچ جەھەتتىن باشقۇرۇشنى تەڭ تۇتۇشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى، بۇ — چارە.

سۇنى تىزگىنلەش: لەنكاۋنىڭ يەر شەكلى مۇرەككەپ، سۇ سىستېمىلىرى قالايمىقان. بۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋال. باشلاشنى ئاساس قىلىش، باشلاش، سۈغىرىش، توسۇش، ئۆزگەرتىشنى تەڭ تۇتۇش، ئازدىن كېچىپ كۆپنى قۇتقۇزۇش، يۇقىرى ـ تۆۋەنگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، ياز ۋە كۈزدە كۆزىتىش، قىش ۋە ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىقنى تىزگىنلەش، كۆزىتىش بىلەن تىزگىنلەشنى بىرلەشتۈرۈش، بۇ — فاڭجېن.

شورنى تىزگىنلەش: ھەممە يەر ئاپپاق شور، بۇ ئاساسىي ئەھۋال. ئېغىر - يېنىكلىكنى ئايرىپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، بۇ — فاڭجېن. سېغىز لاي بىلەن شورنى باستۇرۇش، ئۆستەڭ چېپىپ سۇ باشلاش، قىر سوقۇپ شورنى توسۇش، پەلەمپەي ئېتىزدا سىناق قىلىپ تېرىش. ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپ ئىشلىتىش، شورغا چىدامىلىق زىرائەتلەرنى كىرگۈزۈش، بۇ — چارە.

ئۈچ تۇرلۇك ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئۈچ زىياندىش»نى تىزگىنلەش توغرىسىدىكى بۇ ئۈچ ئابزاس ماقالىنىڭ تىلى سىستېمىلىق ھەم راۋان، لوگىكىلىقى كۈچلۈك ئىدى. جىياۋ يۈلۈنىڭ ئۇسۇلى بىرقانچە نۇقتىدىن دۇنيادىكى شورلۇقنى تىزگىنلەش مۇتەخەسسىسلىرىگە پايدا يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە ئىدى:

بىرىنچى، زەيىنى چىقىرىۋېتىپ شورنى تىزگىنلەش. شورنى قارا يامغۇر سۈيى بىلەن ئاققۇزۇش، باشقىلارنىڭ يېرىگە ئەمەس، ئازگاللارغا ئاققۇزۇش. بۇ ئۇسۇل ئاددىي ھەم تېجەشلىك.

ئىككىنچى، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ شورنى باستۇرۇش. شورنى قۇم بىلەن بېسىۋېتىش، ئۆستەڭ چېپىش ۋە پەلەمپەي ئېتىز بەرپا قىلىش. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى ياخشى ھەم نەتىجىسىنى ئاسان كۆرگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، شورنى قىرىش، قومۇرۇش، شورنى ئۆستەڭگە باشلاپ شوردىن ئەپچىللىك بىلەن ساقلىنىش. بۇ مايسا قۇتقۇزۇشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى، كەڭ كۆلەمدە يولغا قويۇش ئاسان.

تۆتىنچى، يەرنى چوڭقۇر ھەيدەپ، يەرگە تۇجۇپىلەپ ئىشلەش، ئورگانىك ئوغۇتلارنى كۆپ چېچىش. بۇ ئۇنىۋېرسال

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكتىرونلۇق نەشرىنى ئىشلىگۈچى تورىيە

تىزگىنلەپ، تۇپراقنى ياخشىلاشنىڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى.

بەشىنچى، شورغا چىداملىق زىرائەتلەرنى تېرىش. مەسىلەن، ئارپا، چۈجگۈن، سۈپۈرگە قوناق، ئابدىمىلىك، ئوت - چۆپ ۋە كېۋەز قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىش كېرەك. بۇ زىرائەتلەرنىڭ مايسىسى باشقا زىرائەتلەرنىڭ مايسىسىدىن كۆپ بولىدۇ، كۆپرەك نەپ بېرىدۇ.

جياۋ يۈلۇ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى تەشكىللەپ «قۇم، شور ۋە سۇنى تىزگىنلەش توغرىسىدا ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە دەسلەپكى تەسەۋۋۇر» ماۋزۇلۇق ماقالىنى ئەستايىدىل تەييار قىلدى ھەمدە ئۇنى قايتا - قايتا تۈزەتتى. بۇ ماقالە ناھىيەلىك پارتكوم يىغىنىدا ئۈچ قېتىم مۇزاكىرە قىلىنىپ، ئاخىر سىستېمىلىق بىر «تەسەۋۋۇر» شەكىللەندى.

1963 - يىلى 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جياۋ يۈلۇ يەنە بىر قېتىم ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرى يىغىنىنى چاقىردى، يىغىندا بۇ «تەسەۋۋۇر» تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى، ئاندىن كۆپەيتىپ بېسىپ پۈتۈن ناھىيەگە تارقىتىلدى.

جياۋ يۈلۇ «تەسەۋۋۇر» (لايىھە)غا تۈزىتىش كىرگۈزگەندە پىرىنسىپاللىق بىر ئابزاس سۆزنى ئالايىتەن كىرگۈزۈپ قويدى. «قۇمنى، شورنى ۋە سۇنى تىزگىنلەش خىزمىتى كەسپىي خىزمەت، تېخنىكىلىق خىزمەت، ئىقتىسادىي خىزمەت، ئاممىۋى خىزمەت ۋە سىياسىي خىزمەت. شۇڭا، جەزمەن ئاممىنى ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا يېتەكلەش كېرەك.»

جياۋ يۈلۇ جاۋدۇلۇ چوڭ ئەترىتىگە يەنە كەلدى ۋە بىر قۇم بارخىنى ئۈستىگە چىقتى. ياچىيكا شۇجىسى ھەسرەت بىلەن:

— بۇلتۇر بۇ قۇم بارخىنىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى بۇغدايلار بۇ يىلقىدەك ياخشى بولغانىدى. ئەتىيازدا چىققان بىرقانچە

قېتىملىق بوراندا نابۇت بولۇپ كەتتى، — دېدى.

جياۋ يۈلۈ:

— بۈگۈن دەل شۇ قۇمنى قانداق تىزگىنلەش ھەققىدە مۇزاكىرە قىلىمىز، — دېدى.

ئۇ باشقا كەنتلەرنىڭ قۇمنى سېغىز لاي بىلەن باستۇرۇش تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ئەتىسى شەخسەن ئۆزى بەش يۈز نەپەر ئاممىغا باش بولۇپ كۆلىمى ئون سەككىز مو كېلىدىغان قۇم بارخىنىنى سېغىز لاي باستۇرۇپ سىناق قىلدى. يېرىم كۈنلۈك ئەمگەك ئارقىلىق بۇ چوڭ قۇم بارخىنىغا تۆت سوڭ قېلىنلىقتا سېغىز لاي ياتقۇزۇلدى.

تەبىئەت ئادەمنى سىنىغاندەك، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەتتە بال شىمال بورىنى چىقىپ، توققۇز سائەت داۋام قىلدى، لېكىن «سېغىز لاي» ياتقۇزۇلغان قۇم بارخىنى قىمىر قىلمىدى. قىلغان ئىشنىڭ ئۈنۈمىنى كۆرگەن ئامما دەرھال قۇمنى سېغىز لاي بىلەن باستۇرۇش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى قوزغىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى





# شورتاڭلىقتىكى بوغداي مايسىلىرى

جىياڭ يۇلۇ 1963 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 30 ـ كۈنىگىچە «ئۈچ زىياندىش»نى يوقىتىش ئىشخانىسى، دېھقانچىلىق ئىدارىسى، پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ۋە ھەرقايسى گۇڭشېلاردىكى ئالاقىدار تارماقلاردىن ئاتمىش تۆت ئادەمنى تەشكىللەپ، پۈتكۈل ناھىيەدىكى شورلۇق يەرلەرنىڭ كۆلىمى، تارقىلىش ئەھۋالىنى ۋە يەر ئاستى سۇ ئورنىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆلچەش ۋە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

قارىداپ ھەم ياداپ كەتكەن جىياڭ يۇلۇ يۈك ـ تاقىسى ۋە يەيدىغان ئوزۇقىنى ئېلىپ، سۇدانىنى مۈرىسىگە ئېسىپ، تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن بىللە قارلىق دالادەك ئاپپاق شورتاڭلىققا كەلدى. ئۇ پات ـ پاتلا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ، قولىنى ئالدى ئوچۇق چاپىنىنىڭ پېشىدىن تىقىپ، ئاغرىپ تۇرۇۋاتقان جىگىرى جايلاشقان ئورۇننى باساتتى. سوغۇق شامال چىقسا بەزىدە تىترەيتتى، بەدىنى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن سوغۇقتىن ھەم چارچاشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى.

جىياڭ يۇلۇ شورلۇق يەرلەرنىڭ تېپىنى ئايرىش ئۈچۈن پات ـ پات توپىنى تېتىپ كۆرۈپ، شۈلتا ياكى تۇزنى پەرقلەندۈرەتتى. سوغۇق بىلىنگىنى سېلىتىرا، سېسىق ھەم ئاچچىق بىلىنگىنى شور ئىدى.

ئون نەچچە كۈن جاپالىق يول مېڭىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇ ئەترەت شورلۇققا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىيالنى ئىگىلىدى. ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش نەتىجىسى تۆۋەندىكىدەك بولدى: ناھىيە بويىچە ئىككى يۈز ئاتمىش ئىككى مىڭ ئالتە يۈز توقسان توققۇز مو شورلۇق يەر بولۇپ، توققۇز يۈز مىڭ مو ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 29.2%نى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئەسلىدىكى شورلۇق يەر بىر يۈز قىرىق ئالتە مىڭ سەككىز يۈز قىرىق بىر مو، يېقىنقى يىللاردا كۆرۈلگەن ھۆلچىلىك تۈپەيلىدىن يېڭىدىن كۆپەيگەن شورتاڭلىق بىر يۈز ئون بەش مىڭ سەككىز يۈز ئەللىك سەككىز مو. شورلۇق يەرلەر پۈتكۈل ناھىيەدىكى توققۇز گۇڭشې، بىر بازار، توقسان ئۈچ چوڭ ئەترەت ۋە بىر مىڭ بەش يۈز ئوتتۇز ئىككى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە تارقالغان.

ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە، جياڭ يۈلۈ خىزمەت ئەترىتىدىن شورلۇق يەرلەرنى قېلىن شورلۇق، قاڭسىق شورلۇق، يىمىرىلگەن شورلۇق، گالوگېنلىق شورلۇق ۋە رەڭگى ئۆزگەرگەن شورلۇق دەپ ئايرىپ، قالغان شورلۇق يەرلەرنى جەمئىي ئالتە تۈر بويىچە ئىستاتىستىكا قىلىپ، خەرىتىگە چۈشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇلار 1963 ـ يىلى پۈتكۈل ناھىيەدىكى سۇ يىغىلىپ قالغان ئۈچ يۈز ئەللىك مىڭ مو يەرنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ھۆلچىلىك شورتاڭلىقنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىكەن، دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

جياڭ يۈلۈ كۆپچىلىكنى ئامما ئارىسىغا بېرىپ شورنى تىزگىنلەشنىڭ كونكرېت چارىلىرى ھەققىدە مەسلىھەت سوراشقا يېتەكلىدى. ئۇ يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ شورنى باستۇرما قىلغان چىنجەي كەنتى، زەيلىك چېپىپ شورنى ئېقىتىپ بۇغداي تېرىغان شاۋفۇتاڭ كەنتى، توپىنى قايرىپ

شورنى يۆتكىگەن نەنجاڭ كەنتى، شورغا قۇم ياتقۇزغان يېقىلىڭ كەنتى ۋە كۆچەت تىكىپ شورنى قاچۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلغان جىنيىڭ كەنتى قاتارلىق كەنتلەرنى زىيارەت قىلىپ، شورنى تىزگىنلەشنىڭ بىر يۈرۈش چارە ۋە تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ چىقتى.

شورنى تىزگىنلەشتە، يامغۇر مەزگىلىدە شور ئاققۇزۇش پەيتىنى چەزمەن ئىگىلەش كېرەك، يامغۇردىن كېيىنكى ۋاقىت نەملىكتىن پايدىلىنىپ ئۇرۇق چېچىشنىڭ ياخشى پەيتى. قۇرغاق كۈنلەردە شور ئۆرلەپ كەتسە، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ شورنى باستۇرما قىلىش ۋە شورنى قومۇرۇش ياكى قىرىش، شۇنداقلا يەرگە ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپ بېرىش، شورغا چىداملىق زىرائەتلەرنى تېرىش كېرەك. پەرۋىش قىلىشتا، يەرنى مۇۋاپىق پەيتتە يۇمشىتىشقا ئەھمىيەت بېرىش، يامغۇردىن كېيىن يەرنى چوقۇم يۇمشىتىش، بولۇپمۇ يەر ئاستى سۇ ئورنى ئۆرلىگەندە تەسكەي تەرەپلەردىكى نەم يەرلەرنى تاشلاپ قويماسلىق، شورنىڭ ئەسلىي ھالىتىگە قايتىپ كېلىپ مايسىلارنى چىرىتىۋېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەرنى ئاغدۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك، بۇ نەملىكنى ساقلاپ شورنى تىزگىنلەشكە پايدىلىق.

جياۋ يۈلۇ 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شورلۇقنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەترىتىدىكىلەر بىلەن بىللە گۇياڭ گۈڭشېسى تەۋەسىدىكى چىنزەي چوڭ ئەترىتىگە كەلدى. ئۇلار چوڭقۇر ئاغدۇرۇلغان شورلۇق يەردە ياخشى ئۆسكەن بۇغداي مايسىلىرىنى كۆردى، چوڭقۇر ئاغدۇرۇلمىغان يەردە يەنە شور ئۆرلەپ كەتكەنىدى.

جياۋ يۈلۇ شورلۇق يەرگە گۈرجەكنى چوڭقۇر پاتۇرۇپ، قولىغا ئازراق توپا ئېلىپ تېتىپ باقتى:

— شور قاتلىمى چوڭقۇر ئەمەس ئىكەن، شورنىڭ تەسىرىمۇ يېنىك، ئۈستىدىكى بىر قەۋەت شورنى قىرىپ ئېلىۋەتسىلا بولىدىكەن، — دېدى ئۇ.

جياۋ يۈلۈ ئېگىلىشىپ تۇرۇپ قاتار - قاتار بۇغداي مايسىلىرى ئارىسىدىكى شورنى ئىككى ياققا قايرىپ، بىردەمدىلا نەچچە مېتىر يەرنى قىرىپ، شور توپىنى نەچچە يەرگە دۆۋىلىۋەتتى. ئۇ كەينىدىكىلەرگە چۈشەندۈرۈپ:

— شورنى يۆتكەپ مايسىنى قوغداپ قېلىش دېگەن مانا شۇ، شورنى يۆتكىۋەتسە مەسىلە ھەل بولىدۇ، — دېدى.

ئاندىن ئۇ يەنە بىرقانچە كەنتتىكى شورلۇق يەرلەرنى كۆرۈپ، بايامقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەسىلىلەرنى بايقاپ دەرھال مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىشنى ئېيتتى.

ئەتىسى، جياۋ يۈلۈنىڭ تەكلىپى بىلەن گۇياڭ گۇڭشېسىغا قاراشلىق چوڭ ئەترەت باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، شورنى تىزگىنلەش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا ھەرقايسى ئەترەتلەر شورلۇق يەرلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىشتى. جياۋ يۈلۈ كۆپچىلىكنى بۇغداي ئېتىزلىقىدىكى شورنى قانداق تىزگىنلەش چارىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە يېتەكلىدى.

پۈتكۈل گۇڭشې مىقياسىدا بەش مىڭ ئۈچ يۈز مو يەرگە بۇغداي تېرىلغان، كۆز پەسلى يامغۇر كۆپ ياغقانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارىلاپ قۇرغاقچىلىق كۆرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇغداي مايسىلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى سارغىيىپ كەتكەندى. كۆپچىلىك بىردەك: مايسا ئارىلىقىنى بويلاپ قىر چىقىرىش، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتا شورنى يوقىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش، شور توپىنىڭ مايسا ئارىلىقلىرىغا كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش، بىر ياقتىن شورنى يوقىتىپ، بىر ياقتىن يەرنى

ئوغۇتلاش، ئوغۇت بولمىسا، شورنى قۇم بىلەن باستۇرۇپ بوغداي مايسىلىرىنىڭ ئۈششۈپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، دەپ قاراشتى.

جياۋ يۈلۇ تەكشۈرۈپ، شورنى تىزگىنلەشنىڭ ۋاقىت خاراكتېرلىكى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، كەينىگە تارتىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

جياۋ يۈلۇ شورغا قارشى كۆرەشتە يەنە بىر تېپىنى بايقىدى. بۇ تېپ يېفېڭ گۇڭشېسىنىڭ چۆەنتۇ چوڭ ئەترىتى ئىدى. بۇ چوڭ ئەترەتتە بوغداي تېرىلىپ بولغاندىن كېيىن تۆت يۈز مودىن ئارتۇق شورلۇقتا تال كۆچەتتى تىكىلگەن. قىرىلغان شور توپىنى قايىنىتىپ شۈلتىدا چىقارغان، شۈلتىدىن يەنە سېلىتىرا ئايرىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن شورلۇقمۇ ياخشىلانغان، قوشۇمچە كىرىممۇ كۆپەيگەن. بۇ شەك ـ شۈبھىسىز زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ياخشى تەدبىرى ئىدى. جياۋ يۈلۇ ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىنى پۈتۈن ناھىيەگە ئومۇملاشتۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى.

8 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە بولغان يۈز كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت داۋامىدا، جياۋ يۈلۇ «ئۈچ زىياندىش»نى يوقىتىش تەكشۈرۈش ئەترىتى تەشكىللەپ ھەم بۇ ئەترەتنى باشلاپ پۈتكۈل ناھىيەدىكى شورلۇق ـ زەيكەشلىكلەرنى ئارىلاپ، بەش مىڭ چاقىرىمچە يول بېسىپ، ناھىيە مىقياسىدىكى بارلىق قۇملۇق، شورلۇق ۋە سۇ بېسىپ كەتكەن يەرلەرنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمىنى ئېنىقلاپ، «ئۈچ زىياندىش»نىڭ زىرائەتلەرگە زىيان يەتكۈزۈش ئەھۋالىنى ئىگىلەپ چىقتى.

1962 ـ يىلى كۈزدە خۇجەي كەنتى پەۋقۇلئاددە ئېغىر سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىدى. ئەتىياز كىرگەندىن كېيىن خۇجەي كەنتىدىكى كادىرلار ۋە ئاما ئۈستەڭ چېپىپ شورنى ئاققۇزدى.

ئۇلار بىر دەريادا ئىككى تۇغان بولۇشتەك ئەنئەنىۋى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، كولاپ چىقىرىلغان سىغىز توپا بىلەن شورنى باستۇردى. بۇنىڭ بىلەن شورمۇ ئاقتۇزۇلدى، شورلۇقمۇ ئۆزگەرتىلدى. جياۋ يۈلۇ بۇ ئۇسۇلنى شۇ ھامان مۇئەييەنلەشتۇردى ھەم ماختىدى، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئۇلارغا بىر چاقلىق ھارۋا، گۇرجەك تارقىتىپ بېرىشنى، يەنە «ئەمگەككە قاراپ بېرىلىدىغان مۇكاپات» ئورنىدا ئاشلىق بېرىشنى تەستىقلىدى.

1964 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جياۋ يۈلۇ لەنكاۋ دىيارىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كېتىشتىن ئىككى ئاي ئاۋۋالقى شۇ كۈنى چۈشتە، ئۇ ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلىرىنىڭ تۇرمۇش يىغىنىنى ئېچىپ، ئالدى بىلەن ئالدىنقى يىللىق خىزمەتلەرنى خۇلاسىلەپ، ئاندىن:

— خىزمىتىمىزدە بىرمۇنچە نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق. ۋىلايەتلىك پارتكوم بىزنى كۆپ قېتىم تەقدىرلىدى. بۇ بىز ئۈچۈن رىغبەت ھەم ھەيدەكچىلىك. بىز تەقدىرلىنىشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشىمىز كېرەك. بۇ يىل ئورنىمىزدىن دەس تۇرۇپ ماڭىدىغان ئىرادىگە كېلىپ، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتۇپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلەيلى، — دېدى.

جياۋ يۈلۇ ئۆزىنىڭ خىزمىتى ۋە سالامەتلىك ئەھۋالى توغرۇلۇق شۇ كۈنكى دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا سەمىمىيلىك بىلەن:

— مېنىڭ شەخسىي ئىدىيەم شۇكى، لەنكاۋدا بىر كۈن بولىدىكەنمەن، بىر كۈن ياخشى ئىشلەيمەن. بىراق، مېنى ئەڭ بىئارام قىلىدىغىنى سالامەتلىكىم ياخشى ئەمەس، جىگىرىم ئاغرىيدۇ، بوغۇزۇم ئىششىپ كەتتى، ئەمدى بۇنىڭغا پۈتۈننىڭ ئاغرىقى قوشۇلدى. خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ

www.uyghurkitap.com

كېتەلمەيۋاتىمەن. تۇرمۇش مەسىلىسى چوڭ مەسىلە ئەمەس، چاغاندا يۇرتۇمغا قايتقاندا ئۈچ يۈز يۈەن قەرز ئالغانىدىم. بۇ ئاي يۈز يۈەننى قايتۇرىمەن، ئۈچ ئايغىچىلىك تولۇق قايتۇرۇپ بولىمەن... مەن خىزمەتتە ئالدىراقسانىراق، بەزىدە تۆۋەندىكى يولداشلارنى ئورۇنسىز تەنقىدلەپ قويىمەن... — دېدى يەنە.

جياۋ يۈلۈ قەرزنى ئۈچ يىل ئىچىدە قايتۇرۇپ بولۇشنى پىلانلىغانىدى، لېكىن ئاران ئىككى ئايلا ياشىيالىدى.

جياۋ يۈلۈ باش بولغان «ئۈچ زىيانداش»نى يوقىتىش ئىشخانىسىدىكى ئاۋانگارتلار پۈتكۈل ناھىيەدىكى ئۆزگەرتىلىپ ئۈنۈمى كۆرۈلگەن شورلۇق يەرلەرنى ئارىلاپ چىقىپ، بىر يىلدىن بۇيانقى شورنى تىزگىنلەش خىزمىتى ۋە خىزمەتلەرنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى ھەم يەكۈنلىدى. جياۋ يۈلۈ ھەربىر جايغا بارغاندا زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى ئەستايىدىل كۆزەتتى. ياخشىلىنىشتىن ئىلگىرى ئېلىنغان ھوسۇل ۋە شورلۇقنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدى.

جياۋ يۈلۈ گۈياڭ گۇڭشېسىنىڭ چىنزەي چوڭ ئەترىتىدە يەر چوڭقۇر ئاغدۇرۇلۇپ شور باستۇرما قىلىنغان سەككىز يۈز مو ئېتىزدىكى بولۇق ئۆسكەن بۇغداي مايسىلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي:

— باركاللا، باركاللا، چىنزەيلىكلەرنىڭ ئىرادىسى ئاخىر رېئاللىققا ئايلىنىپتۇ! — دېدى.

پېشقەدەم دېھقان چىن يولى جياۋ يۈلۈنىڭ گېپىگە ئۇلاپ:

— مەن يەتمىش ياشقا كىردىم. شورلۇق يەردە بۇنداق ياخشى ئۆسكەن بۇغداي مايسىلىرىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم، — دېدى.

ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتكۈل ناھىيەدە ئۆزگەرتىلگەن شورلۇق يەر توقسان مىڭ مو بولۇپ، بۇنىڭ

ئىچىدە چوڭقۇر ئاغدۇرۇلۇپ شور باستۇرما قىلىنغان يەر ئون تۆت مىڭ يەتتە يۈز سەكسەن توققۇز مو، قۇم باستۇرۇلغان شورلۇق يەر ئۈچ مىڭ تۆت يۈز ئوتتۇز ئىككى مو، ئۆستەڭ چېپىپ شور قاچۇرۇلغان، قومۇرۇۋېتىلگەن ياكى قىرىلغان، شورغا چىدامىلىق زىرائەت تېرىلغان، ئورگانىك ئوغۇت كۆپ چېچىلغان، يەر ئاستى سۇ ئورنى تۆۋەنلىتىلگەن يەر يەتمىش بىر مىڭ يەت يۈز يەتمىش توققۇز مو. ياخشىلانغان شورلۇق يەرلەردە مايسىلار تەكشى ھەم تېمەن ئۆسكەن.

جياۋ يۈلۈ بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، سول قولىنى چاپىنىنىڭ پېشىدىن تىقىپ، جىگىرى جايلاشقان ئوڭ بىقىنىنى باستى، قارامتۇل سېرىق چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

جياۋ يۈلۈ ۋاپات بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، جۇڭگودا قوشاق تۇسىنى ئالغان مۇنداق بىر ناخشا ياڭرىدى. بۇ «جياۋ يۈلۈ بىزنىڭ غەمگۇزارىمىز» دېگەن ناخشا ئىدى:

بوران چىقىپ جاھاننى قاپلىغاندا قۇم ـ توزان،
پەرۋا قىلماي ئاتا يولغا چىقتى جياۋ يۈلۈ ئوغلان.
قولىدا كۆتۈرۈپ كۈنلۈك، قەلبىدە ئۇلۇغۋار پىلان،
قالمىدى لەنكاۋدا بىر مو كەنت ئۇ بارمىغان.
قەد كۆتۈردى بىپايان نامرات لەنكاۋ دىيارى،
ئورمان بولدى كۆچەتلەر كۆكىرىپ قۇم بارخىنى،
زەيكەش يەردە ئوخشىدى مانا بۇغداي مايسىسى.
يېڭى بۇغداي ئالىقاندا شۇجىمىزنى ئەسلىسەك،
ئىنقىلابىي غەيرەتتىن كۆككە يېتەر بويىمىز.
ياخشى شۇجى جياۋ يۈلۈ ئەسلەيمىز سىزنى مەڭگۈ،
ئىدىڭىز تۇغقاندىن يېقىن، دىلكەش غەمگۇزارىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى





# شىددەت بىلەن ئاققان ئۇلۇغ سۇ

1963 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جياۋ يۈلۇ ئادەتتىكى سايلىغۇچى سالاھىيىتى بىلەن چېڭگۇەن گۇڭشېسىدا خەلق ۋەكىللىرى سايلىمىغا قاتنىشىپ، لەنكاۋ ناھىيەسىنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلاندى. تۈن كېچە، ئۇ يىغىنغا ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى كۆرۈپ بولۇپ ئارام ئالماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا بىردىنلا گۈركىرەپ دەھشەتلىك بوران چىقىپ، يامغۇر شارقىراپ يېغىپ، يەر ـ زېمىن تەۋرەپ كەتتى، تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان قارا يامغۇر زەربىسىدە ئۆينىڭ ئۆگزىسى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

جياۋ يۈلۇ ئالدىراش يامغۇرلۇقنى يېپىنچاقلاپ، ئىشكتىن چىقىپ قاراڭغۇ كېچە قوينىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ نېمە ئىش بىلەن سىرتقا چىققانلىقىنى ئۆيدىكىلىرى بىلمەيتتى. سوراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. ئۇ كېسەل سەۋەبىدىن شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان تۇرسا، ناۋادا ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ شۈي جۈنيانىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچتى. ئۇ چوڭ قىزىنى ئويغاتتى، ئانا ـ بالا ئىككىسى كېچىدە جياۋ يۈلۈنى كوچىمۇكوچا يۈرۈپ ئىزدىدى، چاقىرىپ باقتى. ئۇلار ئاخىر جياۋ يۈلۈنى ۋوگزالدىن تاپتى.

ئاچچىقى كەلگەن شۈي جۈنيا ئاغرىنىپ:

— شۇنچە قاتتىق يامغۇردا دەپمۇ قويماي چىقىپ كەتكىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى.

جياۋ يۇلۇ ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ:

— يامغۇر قاتتىق يېغىپ كەتتى، ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قالدىم. ناھىيە بازىرىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇلارنى ئاققۇزۇۋەتكىلى بولامدۇ - يوق، قاراپ باقاي دەپ چىققانىدىم. چېگگۇەن بازىرىدىكى بىر قىسىم ئاممىنىڭ ئۆيلىرى پۇختا ئەمەس، مەن ئايلانغاچ بېرىپ كۆرۈپ كېلەي ! غەم قىلماڭ، بىر ئوبدان تۇرۇۋاتمەنغۇ مانا؟ — دېدى كۈلۈپ.

جياۋ يۇلۇ ساق بىر كېچە ئايلاندى. تاڭ ئاتماستا ناھىيەلىك پارتكوم ئىشخانا مۇدىرىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەرگە يىغىن بارلىقىنى دەرھال ئۇقتۇرۇشنى تاپىلىدى. جياۋ يۇلۇ كېچىچە ئويلىغان بەش تۈرلۈك پىكرىنى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، يېزا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق كادىرلار، مەيلى ناھىيە، گۇڭشې، چوڭ ئەترەت ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەت كادىرلىرى بولسۇن، ھەممىسى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆزى باشلامچى بولۇپ، بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ، ئاپەت ئەھۋالىنى تېزدىن ئېنىقلاپ چىقىپ، كۆڭلىدە سان تۇرغۇزۇپ، ئۇنۇملۇك جىددىي تەدبىر قوللانسۇن. يازدا تارتقان زىياننى كۈزدە ئۇندۇرۇۋالغىلى بولىدۇ، ھازىر تېخى بالدۇر. نەملىك ئەھۋالى ياخشى، شورلۇق يەردە مايسا ئوبدان يېتىلىدۇ. ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، مۇشۇ قېتىملىق قارا يامغۇردىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەي، يامغۇر سۈيىنى ئاققۇزۇش ۋە مايسا قۇتقۇزۇش ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشسۇن.

ئىككىنچى، يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ مىقدارى كۆپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا يامغۇر سۈيىنى باشلاش بىلەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلسۇن. سوتسىيالىستىك تەربىيە ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرۇلسۇن. ئومۇمىيۈزلۈك سەپەرۋەر قىلىپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، دېھقانچىلىققا تەسىر يەتكۈزمەي، توختام سۇلار چىقىرىپ تاشلىنىپ زىرائەتلەر جىددىي قۇتقۇزۇلسۇن. توختام سۇ ئانچە بەك يىغىلىپ قالمىغان گۇڭشې ۋە ئەترەتلەر تېزدىن تەشكىللىنىپ مايسا تەكشۈرۈش، مايسا تولۇقلاش ئېلىپ بارسۇن. تولۇقلاپ تېرىشقا تېگىشلىك بولسا تولۇقلاپ تېرىش، كۆچۈرۈپ تىكىشكە تېگىشلىك بولسا كۆچۈرۈپ تىكىش، يېڭىباشتىن تېرىشقا تېگىشلىك بولسا يېڭىباشتىن تېرىش، تولۇق تېرىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، مايسىلارنىڭ تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭلار.

ئۈچىنچى، يامغۇر سۈيىنى باشلايدىغان ئېرىقلارنى تېزدىن راۋانلاشتۇرۇپ، توسۇلۇپ قالمىغان ئېرىقلارغا سۇ باشلاپ، ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقان يامغۇر سۇلىرىنى باشلاش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈلسۇن. يامغۇر سۇلىرىنى ئاققۇزۇشتا يۇقىرى ۋە تۆۋەن ئېقىنغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىلسۇن. قىسمەنلىك ئومۇملۇققا بويسۇنسۇن. سۇ ئىشلىرىدا تالاش - تارتىش يۈز بەرسە، رەھبەرلىك نەق مەيدانغا بېرىپ، تالاش - تارتىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشلىرىغا ئاسانلىق يارىتىش، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر ئارقىلىق سۇ ئاستىدا قالغان زىرائەتلەرنى قۇتقۇزۇش كېرەك.

تۆتىنچى، ئاممىغا ئىدىيەۋى تەربىيە خىزمىتى ئىشلەپ، كەيپىياتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئۇلاردا ئاپەتنى يېڭىدىغان ئىرادە

ۋە ئىشەنچ تۇرغۇزۇش كېرەك. ئاممىنىڭ ئۆيلىرىنى بىخەتەرلىك نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ، ئۆيى ئۆرۈلۈپ كەتكەنلەردىن ھال سوراش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. بولۇپمۇ يارىلانغان ئاممىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، داۋالاشنى چىڭ تۇتۇپ، قىيىنچىلىقى بارلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش كېرەك.

بەشىنچى، قارار يامغۇر ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا، شۇنىڭدەك يېقىلغۇ ۋە ئۇلاغلارنىڭ يەم ـ خەشىكى قاتارلىقلارغا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. ناھىيە، گۇڭشې ۋە ئەترەتلەردىكى زاپاس قۇتقۇزۇش ئاشلىقى، پۇل ياكى ماددىي بۇيۇملارنى تېزدىن تارقىتىپ، جىددىي قىيىنچىلىققا تاقابىل تۇرۇش كېرەك.

جياڭ يولۇ ناھىيەلىك پارتكوم ئورگىنىدىن بىر تۈركۈم كادىر ئاجرىتىپ، ئەھۋال ئىگىلەش ئۈچۈن ھەرقايسى گۇڭشېلارغا ئەۋەتىپ، يامغۇر سۇلىرىنى ئېرىقلارغا باشلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش تەكلىپىنى بەردى ھەمدە سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، سۇ يۆنىلىشىنى تەكشۈرۈپ خەرىتىگە ئېلىشنى ئۇقتۇردى. ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى بۆلەكلەر بويىچە ھۆددىگە ئېلىش ئۈچۈن، ئاجرىتىلغان كادىرلارنى باشلاپ جايلارغا يۈرۈپ كېتىشتى.

جياڭ يولۇ ئاياغ ۋە پايپىقىنى سېلىۋېتىپ، قىزىل ماي قەغەزنى كۈنلۈك قىلىپ، قابىل ئۈچ كادىرنى باشلاپ دەرھال يولغا چىقتى. شۇي جۇنيا شۇ كۈنىدىن باشلاپ جياڭ يولۇنى كۆرەلمىدى، نەچچە كۈنگىچە دېرىكىنىمۇ ئالالمىدى. شۇي جۇنيا ئۇنى ۋوگزالدا ئۇچراتقاندا جياڭ يولۇ خوتۇنىنىڭ غەمكىن چىرايىغا قاراپ:

— نېمىدىن غەم قىلىسىز؟ يامغۇر يېغىپ بەك ياخشى بولدى، — دېگەنىدى. شۈي جۈنيا:

— نېمىسى ياخشى؟ لەنكاۋ ناھىيەسىنى سۇ بېسىپ كېتەي دېدى، ياخشى دەۋاتقىنىنى ! — دەپ زەردە قىلدى.

— سىز بىلمەيسىز، يامغۇر شۈنچىلىك قاتتىق ياغمىسا، مۇشۇنچىلىك ئۇلۇغ سۇ بولمايتتى. مۇشۇنچىلىك ئۇلۇغ سۇ بولمىسا، بىرىنچىدىن، لەنكاۋنى قانچىلىك دەرىجىدە سۇ بېسىپ كېتىدىغانلىقىنى، ئىككىنچىدىن، لەنكاۋ تەۋەسىنىڭ قايسى تەرىپى ئېگىز، قايسى تەرىپى ئويمان ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولاتتىم. بۇ يىل ناھىيە سۇ ئاستىدا قالدى، لېكىن مەن ھەممىنى ئېنىق بىلىۋالدىم، سۇ نەدە ئاقىدۇ، نەدە توسۇلۇپ قالىدۇ، قەيەردە دەريا ۋە ئۆستەڭ چېپىش كېرەك، نەگە كۆۋرۈك سېلىش كېرەك، ئېغىزنى قەيەردىن ئېچىش كېرەك، بۇلارنى تەكشۈرۈپ بىلىۋالدىم، — دېگەنىدى.

قارا يامغۇر توختىماي يېغىۋەردى. لەنكاۋلىقلار بۇ يامغۇرنى «ئاق چېدىر يامغۇرى» دەپ ئاتىشاتتى. بەش كېچە - كۈندۈز ياغقان يامغۇردا لەنكاۋ ناھىيەسى پايانسىز دېڭىزغا ئايلاندى. جياۋ يۈلۇ ئۈچ ئادەمنى باشلاپ يامغۇردا يۈردى. ئۇ يولنىڭ ئوي - دۆڭىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قولىغا تاياق ئېلىۋالغانىدى. ئۇلۇغ سۇ، سىم - سىم يامغۇر، شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇ، قىيپاش چۈشۈۋاتقان يامغۇر، ماڭىدىغان يول يوق. نەپەس ئالغاندا ئېغىزغا يامغۇر سۈيى كىرىپ كېتىپ، ئادەم قېقىلىپ يۆتىلىپ كېتەتتى.

ناھىيەلىك پارتكوم يەتمىش بەش نەپەر كادىرنى تۆۋەنگە چۈشۈردى. ئۇلار ئېتىز بېشىغا، جىنىيىڭ، دوتۈڭجۇاڭ ۋە لياڭسۈنجۇاڭ كەنتلىرىگە بېرىپ، ئالدى بىلەن ئاپەتكە ئۇچرىغان

ئاممىنىڭ ئەھۋالىنى كۆردى. ئاپەت ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ كەيپىياتى ۋە ئوي ـ خىياللىرىنى ئىگىلىدى. ھەربىر ئېقىنغا دۇچ كەلگەندە، جياۋ يۈلۈ سۇنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئېنىق كۆرۈپ، ئېقىننىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىقلىدى. ئۇ جىددىي ئېقىۋاتقان سۇدا تۇرۇپ، كەلكۈن يۆنىلىشىنى بىرنەچچە پارچە خەرىتىگە چۈشۈردى.

جياۋ يۈلۈنىڭ جىگىرى توساتتىن قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ ئىڭراپ سالدى. ئەتراپتىكىلەر دەرھال كېلىپ ئۇنى يۆلىدى. ئۇ سۇدىلا ئولتۇرۇپ قالدى. ئوڭ بىقىنىنى قولى بىلەن باساتتى، چىرايى سارغىيىپ، كالپۇكلىرى كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك:

— جياۋ شۇجى، سىز كېسەل، ئۆزىڭىزنى بۇنچىۋالا قىينىماڭ، — دېيىشتى.

جياۋ يۈلۈ جاۋاب بەرمىدى. ئۇ سەل تىترەپ كەتتى ـ دە، تاياقنى تايىنىپ يەنە ئىلگىرىلەپ كەتتى.

ئۇلار جىنىيىڭ چوڭ ئەترىتىگە كېلىشتى. ياچېيكا شۇجىسى لى گۈاڭجى يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن جياۋ يۈلۈنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە:

— ئەتراپنى كۆز يەتكۈسىز سۇ بېسىپ كەتكەن تۇرسا، سىز قانداق كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

جياۋ يۈلۈ ئۆزىنى زورىغا روھلۇق تۇتۇپ قولىدىكى تاياقنى پۇلاڭلىتىپ:

— مۇشۇ كېمىگە چۈشۈپ كەلدىم، — دەپ يۇمۇرلۇق جاۋاب بەردى.

لى گۈاڭجى ئۇنى ئارام ئېلىشقا دەۋەت قىلدى. جياۋ يۈلۈ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يامغۇرلۇقتىن خەرىتىنى چىقىرىپ، دەريانىڭ قەيەردىلىكىنى، ئاندىن قەيەرگە ئۆستەڭ چېپىش، سۇنى قەيەرگە باشلاش كېرەكلىكىنى، شۇنداق قىلغاندا نەچچە ئەترەتنىڭ ئېتىزلىرىدىكى يىغىلىپ قالغان سۇنى باشلىغىلى بولىدىغانلىقىنى سۆزلىدى.

ھەممە ئادەم كۆيۈنگەن ھالدا جياڭ يۇلۇنى بىر قاچا ئىسسىق تاماق يەپ، ئىسسىنىۋېلىشقا ئۈندىدى.

— بۇنداق يامغۇرلۇق كۈندە، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ، — ئاممىدا يېقىلغۇ كەم، تاماق يېيىشكە بولمايدۇ.

ئۇ شۇنداق دەپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئېلىۋالغان ئوزۇقىدىن نەچچە چىشلەم يەپ، يولداشلار بىلەن خوشلىشىپ سۇ كېچىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار لياڭ سۇنجۇاڭ كەنتىگە يېتىپ كەلگەندە، چېڭگۇەن گۇڭشېسىدىكىلەر كەلكۈندىن ساقلىنىش تۇغرىسىدا يىغىن ئېچىۋاتقاندى. جياڭ يۇلۇ بەزىلەرنىڭ كەيپىياتىنىڭ تۆۋەنلىكىنى بايقاپ كەسكىن ھالدا:

— بۇ يامغۇر بىزگە ھەقىقەتەن بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. لېكىن، بىز كوممۇنىستلار قىيىنچىلىقتىن قورقمايمىز. نۆۋەتتە ئاپەتنىڭ تەھدىتى قورقۇنچلۇق ئەمەس. كادىرلارنىڭ قىيىنچىلىق ئالدىدا كىرپىدەك تۈگۈلۈۋېلىشى ھەممىدىن قورقۇنچلۇق، — دېدى ئۇ يەنە قەتئىي تەلەپپۇزدا، — ھەممىمىز ئاممىنى باشلاپ ماڭىدىغان كىشىلەر، بىر ناھىيەدە ناھىيەلىك پارتكوم پۈتكۈل ناھىيەدىكى ئاممىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى، بىر گۇڭشېدا گۇڭشې پارتكومى پۈتۈن گۇڭشېدىكى ئاممىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. ھازىر ئامما بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۆتكەل قىيىن بولغانسېرى بىز رەھبىرىي كادىرلار

كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىشىمىز، جاسارىتىمىز ۋە ئىشەنچىمىز بىلەن ئامىمىنىڭ كۆرەش ئىرادىسىگە مەدەت بېرىشىمىز كېرەك، ــ دېدى.

جياۋ يۈلۈنىڭ سۆزى كۆپچىلىكنىڭ جەڭگىۋار روھىغا مەدەت بولدى. كىشىلەر بەس ـ بەستە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش توغرۇلۇق ئۇرغۇن چارە ـ ئۇسۇللارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

جياۋ يۈلۈ بۇلارنى ئاڭلاپ كۆپچىلىكنىڭ سۆزلىرىنى يەكۈنلەپ، خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دېدى:

يازدا تارتقان زىياننى كۈزدە ئۇندۇرۇۋالىمىز، دېھقانچىلىقتىن تارتقان زىياننى ئورنىنى قوشۇمچە ئىگىلىكتىن تولدۇرۇۋالىمىز. ئويماندىن زىيان تارتساق دۆڭدىن، يەردىن زىيان تارتساق دەل ـ دەرەختىن پايدا ئالىمىز. باشلامچىلىق بىلەن ئىشلىسەكلا، ھەممە ئىشتا ئامىمىغا تايانساقلا، «ئاپەت» دېگەن قالپاقنى چۆرۈپ تاشلايمىز.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قارا يامغۇر داۋاملىق يېغىپ، پۈتكۈل ناھىيە تەۋەسىدە ياغقان يامغۇر يۈز مىللىمېتىردىن بىر يۈز سەكسەن مىللىمېتىرغا يەتتى.

جياۋ يۈلۈ چېكىگۈەن گۈڭشېسىغا قاراشلىق ليۈلىن، جىنيىڭ، دۇسەي ۋە ۋاڭسۇنجۇاڭ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىگە باردى. سۇنىڭ يۆنىلىشىنى بويلاپ ھەربىر كەنتنى كۆزەتتى. گۇيلىجەي كەنتىنىڭ يەر شارائىتى ئېگىز بولغاچقا، سۇ چىقىپ كېتەلمەي شىمال تەرەپتىكى ئالتە چوڭ ئەترەتنىڭ يېرىگە يېغىلىپ قالغانىدى. جياۋ يۈلۈ سۇنى گۇيلىجەي كەنتىدىن ئاققۇزۇش قارارىغا كەلدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى چېكىگۈەن گۈڭشېسىنىڭ شۇجىسى مېڭ چىڭكەيگە تاپشۇردى. مېڭ چىڭكەي گويلىجەي چوڭ ئەترىتى قاتارلىق يەتتە چوڭ ئەترەتنى

www.uyghurkitap.com

تەشكىللەپ، سۇ باشلاش ئۆستىڭىدىن بەشنى چىپىپ، ئىككى مىڭ بەش يۈز مودىن ئارتۇق يەردىكى زىرائەتنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جىياۋ يۈلۇ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي خۇڭمياۋ گۇڭشېسى، يىفېڭ گۇڭشېسى، چېڭگۇەن گۇڭشېسى قاتارلىق بىرنەچچە گۇڭشېغا بېرىپ ئاپەت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن هال سورىدى.

بۇ جايلاردا ئاما يېمەك ـ ئىچمەك ۋە يېقىلغۇدىن قىينالغاچقا، توققۇز مىڭدىن كۆپرەك دېھقان سىرتلارغا كېتىپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، جىياۋ يۈلۇ ناھىيەلىك پارتكوم رەھبەرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ناھىيەدىكى بىرتوتاش بېرىلىدىغان ئاشلىقتىن ئوتتۇز بەش مىڭ جىڭ ئاشلىق بىلەن بەش مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش سوممىسىنى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان گۇڭشې ۋە ئەترەتلەردىكى ئاممىغا تېز سۈرئەتتە تارقىتىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە پۈتكۈل ناھىيەدە توختىماي ياغقان يامغۇر ئوتتۇز مىللىمېتىردىن سەكسەن مىللىمېتىرغا چىقتى. ناھىيە تەۋەسىدىكى بىر يۈز سەكسەن ئىككى مىڭ مو يەر، ئون مىڭ ئۈچ يۈز مو يەردىكى كۆزلۈك زىرائەت مايسىسى سۇ ئاستىدا قالدى. تۆت مىڭ سەككىز يۈز توقسان ئېغىز ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ئۆلگەن ۋە يارىلانغان ئادەم ئون سەككىزگە يەتتى. جىياۋ يۈلۇ ئاپەت ئەھۋالىنى ۋىلايەتلىك پارتكومغا ئەينەن دوكلات قىلدى. ۋىلايەتلىك پارتكوم ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى ھەمدە بىر تۇتاش بېرىلىدىغان ئاشلىقتىن ئۈچ مىليون ئۈچ يۈز ئوتتۇز مىڭ جىڭ ئاشلىق ۋە نەچچە يۈز مىڭ يۈەن قۇتقۇزۇش پۇلى تارقاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئېقىنى سېكۇنتىغا ئالتە مىڭ كۇب مېتىرغا يېتىپ، 1958 ـ يىلىدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىنى پەيدا قىلدى.

جياۋ يۈلۈ شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئالدى بىلەن جاۋيىڭ گۇڭشېسىنىڭ ياۋزەي، خەنجۇاڭ، كەنتۇ قاتارلىق خەتەرلىك جايلىرىغا ۋە سەنيىجەي تەۋەسىدىكى جياخېتەن سايازلىقى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ توسما ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى جياۋ يۈلۈ ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، ئالدىنقى مەزگىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتىنى خۇلاسىلەپ، نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە يازلىق ئاشلىق تەقسىماتى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

كەچتە جياۋ يۈلۈ ھەرقايسى گۇڭشې شۇجىلىرىغا تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. جياۋ يۈلۈ پۈتكۈل ناھىيەدىكى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ سۇ ئاپىتى بىلەن كۈرەش قىلىش ئەھۋالىنى يەكۈنلەپ مۇنداق دېدى:

ــــ 18 ـ چېسلادىن باشلاپ ياغقان يامغۇر ئىككى يۈز قىرىق مىللىمېتىرغا يەتتى. ناھىيە تەۋەسىدە تۆت مىڭ سەككىز يۈز ئېغىزدىن كۆپرەك ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشتى... بىز كوممۇنىستلار ئاممىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى، يېقىلغۇسى، ئولتۇراق جايى ۋە كېسەللىك ئەھۋالىنى كۆڭلىمىزگە پۈككۈشىمىز كېرەك. بۇ پارتىيەمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. ئامما قانچىكى قىيىنچىلىقتا قالسا، بىز ئامما بىلەن شۇنچىلىك ئالاقە باغلىشىمىز، ئاممىنىڭ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك جىددىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىشىمىز، ئۆيى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، كېسەل بولۇپ قالغان ۋە

www.uyghurkitap.com

دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان ئاممىدىن ھال سوراپ، تۇرمۇشىدا قىيىنچىلىق بولسا، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن خالاس قىلىشىمىز كېرەك. ئاشلىق يۆتكەشنى كۈچەيتىش كېرەك. چۈنكى، ئادەم ئاشلىق بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ. شۇڭا، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئاشلىقنى ئىمكانقەدەر تېز يۆتكەش لازىم. بۇ كەسپىي ئورۇنلاردىكى ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ۋە ھەربىر كادىر ئۈچۈن قاتتىق سىناق. تۆۋەندىكى ئاشلىق پونكىتلىرى مۇلازىمەت پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، لېي فېڭ روھىدىن ئۆگىنىپ، تىجارەت ۋاقتىنى ئۆزگەرتىپ، ھەرقايسى جەھەتتىن ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىشى، قولايلىق يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

جياۋ يۈلۈ ئاپەت بىلەن ئۇدا ئون نەچچە كۈن توختىماي كۈرەش قىلدى. ئۇ ھەم كوماندىر، ھەم جەڭچى بولدى. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىن تارتىپ ئاپەتكە قارشى تۇرۇشقىچە، ئاپەتكە قارشى تۇرۇشتىن تارتىپ ئاپەتنى تىزگىنلەشكۈچە ھەممە ئىشلارنى ماس قەدەمدە پىلانلىدى.

تۆمۈريولنىڭ جەنۇبىدىكى يۈجەي، ۋاڭ سۈنجۇاڭ كەنتلىرىدە جياۋ يۈلۈ قۇملۇق دۆڭگە چىقتى، بۇ ئۆتمۈشتىكى ئاپەت مەنبەسى، بۈگۈنكى پايدىلىق ئېگىزلىكتە تۇرۇپ ئۇلۇغ سۇدا تۇرغان ھەممە نەرسىگە نەزەر تاشلىدى. «پاھ!» دەۋەتتى ئۇ ئىچىدە. نۇرغۇن چىلان دەرەخلىرى چېڭگۈەننىڭ جەنۇبىغا مەركەزلەشكەن ھەم شۇنچىلىك قويۇق ئىدى.

جياۋ يۈلۈ خۇشال بولدى، ئۇ پەستە تۇرغانلارغا قاراپ:

— چاققان چىقىڭلار! دۆڭدە سۇ يوق ئىكەن. بىرمۇنچە چىلان دەرەخلىرى مېۋىگە كىرىپتۇ! لەنكاۋدا خاسىڭ، پاۋلونىيە دەرىخى ۋە يوغان چىلاندىن ئىبارەت ئۈچ گۆھەر بار. بىزدە بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى گۆھەر بار! — دېدى.

ئۇ مۇنداق قوشاق ئېيتتى:

داۋنەندە چىلاندىن ھوسۇل ئېلىنسا،
پۇقرالار ياخشى كۈن كۆرۈر.
داۋنەن چىلاندىن ئايرىلسا،
خوتۇنلارمۇ ئاچلىقتىن قېچىپ كېتۇر.

يەنە بىر قوشاقتا، جياۋ يۈلۈنىڭ ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ خەلقنى قۇتقۇزۇش تەپەككۇرى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن:

يازدا تارتقان زىياننى كۈزدە،
ئويماندىن تارتقان زىياننى دۆڭدىن،
يەردىن تارتقان زىياننى دەل ـ دەرەختىن،
دېھقانچىلىقتىن تارتقان زىياننى
قوشۇمچە ئىگىلىكتىن ئۇندۇرۇۋالىمىز!

جياۋ يۈلۈ «داۋنەن»دىكى مەلۇم كەنتتە، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ بىر باشلىقى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. جياۋ يۈلۈ ئۇنى ئادەملەرنى سۇ باشلاشقا تەشكىللەشكە بۇيرۇدى. ئەترەت باشلىقى سۇدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ھۆڭرەپ يىغلاپ تۇرۇپ:
— جياۋ شۇجى، كىشىلەر نەگە بېرىپ تىلەمچىلىك قىلىشنى بىلمەيۋاتسا، سۇنى كىم باشلايدۇ؟ — دېدى.
جياۋ يۈلۈ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ:
— يىغلىما، يىغلىما. كەنتىڭلار ۋوگزالغا يېقىن، مەن بىر ئامال قىلىپ يۈك چۈشۈرىدىغان ئىشنى تېپىپ بېرەي، پۇل تېپىپ ئاچلىق مەزگىلىدىن ئۆتۈۋېلىڭلار، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەترەت باشلىقى يىغىدىن توختاپ، سۇ باشلايدىغان ئادەم تاپقىلى ماڭدى.

ناھىيە زالىدا جياۋ يۈلۈ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدا كادىرلار يىغىنى ئاچتى. ئۇ ئالدى بىلەن كادىرلارنى سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. لېكىن، ئۇلار باشلىرىنى چاڭگاللاپ گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالدى. جياۋ يۈلۈ كادىرلارنى سۆز قىلىشقا ئۈچ قېتىم تەكلىپ قىلدى. ئەمما، ھېچكىم گەپ قىلمىدى. كىمدۇر بىرى يىغلاپ تاشلىدى. ئارقىدىن كۆپچىلىكمۇ ئۆكسۈپ يىغلاپ كېتىشتى. ناۋادا بىرەرسى ئۈن سېلىپ يىغلىسا زالنى قايغۇلۇق يىغا ئاۋازى قاپلىغان بولاتتى.

جياۋ يۈلۈ بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتمەستىن سالماق قەدەم بىلەن مۇنبەرگە چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى نۇرلۇق، ئاۋازى ياڭراق ئىدى.

— يولداشلار، — دېدى ئۇ، — تۈنۈگۈن چېڭگۇەن بازىرىنى ئايلاندىم، ئەھۋال ئىنتايىن ياخشى.

كۆپچىلىك كىنايە ئارىلاش دېيىلگەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇشتى.

جياۋ يۈلۈ ئالدىرىمىدى، ئۇ كۆزلىرىنى كۆپچىلىككە تىكىپ، گېلىنى قىرىپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىراق، بەزى كادىرلار مۇشۇنداق ياخشى ۋەزىيەت ئالدىدا قورقۇپ يېتىۋېلىپ يىغلاۋاتىدۇ. يىغلىغاننىڭ نىمە پايدىسى؟ يامغۇر يەنىلا يېغىۋاتىدۇ، سۇ يەنىلا يىغىلىپ قېلىۋاتىدۇ. ناۋادا يىغلىغاننىڭ پايدىسى بولىدىغان بولسا، ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى بولغان مەن باشلامچى بولۇپ يىغلاي، — دېدى ـ دە، مەيدىسىنى ئۇستەلگە يېقىپ يىغلىغان قىياپەتكە كىردى.

جياۋ يۇلۇ راست يىغلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى «داۋنەن»دىكى ئەترەت باشلىقىنىڭ بايامقى يىغىسىدىن قاتتىق ئىدى. ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ بۇنداق ئۇمىدۋار ھەم بۇنداق يۇمۇرلۇق ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان كۆپچىلىكنىڭ قايغۇسى خۇشاللىققا ئايلىنىپ، ھەممەيلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. كەيپىيات ئۆزگەردى، كىشىلەر ياشلىرىنى سۈرتۈشتى.

— يىغلاش قورقۇنچاقلارنىڭ ئىشى. بۇ لەنكاۋدىكى ئەركەكلەرنىڭ ئوبرازى ئەمەس، كوممۇنىستلارنىڭ، كومسومۇللارنىڭ، سوتسىيالىستىك يېزا كادىرلىرىنىڭ ئوبرازى ئەمەس! — جياۋ يۇلۇ شۇنداق دەپ، سۇ يۆنىلىشى چۇشۇرۇلگەن خەرىتىنى بىر - بىرلەپ چىقىرىپ، ھەرقايسى گۇڭشې ۋە ھەرقايسى ئەترەتلەرنىڭ سۇنى تىزگىنلەش ئۇسۇللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى كەنت ۋە ھەرقايسى ئەترەتلەردىكى سۇنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقىنى يادقا دەپ بەردى. سۇنىڭ يۆنىلىشى ۋە دەريا چېپىشقا تېگىشلىك ئورۇنلارنى كۆرسەتتى. ئۇ «يازدا تارتقان زىيانىنى كۈزدە، يەردىن تارتقان زىيانىنى دەل - دەرەخلەردىن ئۇندۇرۇۋېلىش...» كېرەكلىكىنى دېدى. ئۇ كۆپچىلىككە پارتىيەنىڭ لەنكاۋلىقلارنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىنى، بۇگۇن «قۇتقۇزۇش»تىن ئىبارەت بۇ ھاسا تاياقنى تايىنىشتىن مەقسەت: جىددىي قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىپ، بۇ ھاسا تاياقنى ئاخىر تاشلىۋېتىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش يولىدا كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى ئېيتتى...

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سىرتتىن بىرتۇتاش بېرىلگەن ئاشلىق لەنكاۋغا جىددىي يۆتكەپ كېلىندى. ئاپەتكە قارشى تۇرۇش بىلەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش تەڭلا تۇتۇلدى. جياۋ يۇلۇ ئاشلىق ئىدارىسى ۋە قاتناش ئىدارىسى رەھبەرلىرىگە كېچىلەپ يىغىن

www.uyghurkitap.com

ئاچتى. ئەتىسى قاتناش ئىدارىسى ئاجراتقان سەككىز ماشىنا، ئوتتۇز توققۇز هارۋا ۋە يۈز دانە بىر چاقلىق هارۋىدا كىچە ـ كۈندۈز ئاشلىق توشۇلدى. جياۋ يۈلۇ تالاي قېتىم نەق مەيدانغا بېرىپ قوماندانلىق قىلدى. كەچ سائەت بىر ـ ئىككىلەرگىچە ئىشلىدى.

ئۇلار تۆت كېچە ـ كۈندۈز ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىككى مىليون سەككىز يۈز قىرىق مىڭ جىڭ ئاشلىقنى هەرقايسى گۇڭشېلارغا تارقاتتى. كىشىلەر ئاشلىقنى ئالىقانلىرىغا ئېلىپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى ۋە كومپارتىيەدىن مىننەتدار بولۇپ، ئاپەتكە قارشى ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە كېلىشتى.

بىر كۈنى جياۋ يۈلۇ ناهىيەلىك پارتكوم ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى شيەنۋۇنى ئېلىپ، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كەپىلىرى، لاي سۇۋاقلىق ئۆيلىرىنى ۋە قوتانلارنى ئارىلاپ كەلمەكچى بولدى. ئىككىسى شەرقىي كوچىدىن شىمالىي كوچىغا كەلدى، ئۇ يەردىن غەربىي كوچىغا بارماقچى بولدى. ئىككىسىنىڭ پۇت ـ بەللىرى سىرقىراپ ئاغرىپ، قورساقلىرى ئېچىپ باشلىرى قېيىپ كەتتى. لى شەنۋۇ ئازراق بىرنەرسە يەۋېلىپ، ئاندىن غەربىي كوچىغا بېرىش تەكلىپىنى ئېيتتى. جياۋ يۈلۇ ماقۇل بولدى. قايتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا يامغۇر يەنە شارقىراپ يېغىپ كەتتى. بۇنداق قارا يامغۇردا كەپىلەر ۋە لاي سۇۋاق ئۆيلەر خېلى كۈنلەردىن بۇيان سۇغا چىلىشىپ تۇرغاچقا، ئاسانلا ئۆرۈلۈپ كېتەتتى. جياۋ يۈلۇ كەسكىن هالدا:

— يامغۇر بەك قاتتىق يېغىپ كەتتى. غەربىي كوچىدىكى خەتەرلىك ئۆيلەرنى كۆرۈۋېتىپ ئاندىن تاماق يەيلى! — دېدى.

ئىككىسى غەربىي كوچىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ناهىيەلىك دوختۇرخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، لى

شەنۇۋ يامغۇردىن بىردەم پاناھلىنىشنى ئېيتتى. جياۋ يۈلۈ گەپ قىلمىدى. ئۇلار شىگۇەندىكى توك ئىسكىلاتىنىڭ دەرۋازىسىنى تەكشۈردى. لى شەنۇۋ:

— يەنە ماڭساق فوسفورلۇق ئوغۇت زاۋۇتىغا بارىمىز، ئائىلىلىكلەر قالمىدى، قايتايلى! — دېدى.

جياۋ يۈلۈ ماقۇل بولۇپ تۇرۇشىغا، ئالدى تەرەپتىن «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭلا بىرىنىڭ «قۇتقۇزۇۋېلىڭلار» دېگەن ئاۋازى كەلدى. جياۋ يۈلۈ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆينىڭ ئالدىغا ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ئىككى ئېغىزى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. ئۆيدە باشقا ئادەم يوق، ئۆينىڭ ئاستىدا قالغان بىر موماي ياردەم تەلەپ قىلىۋاتاتتى.

ئىككىيلەن پاخال بىلەن لاينى ئىككى ياققا قايرىدى. بەختكە يارىشا لىم كارىۋاتقا توغرىسىغا چۈشكەنىدى. كارىۋاتتا ياتقان مومايىنىڭ بېشى يارىلانغان، بېشىدىن توختىماي قان ئېقىپ تۇراتتى. ۋاقتىدا قۇتقۇزۇۋېلىنمىسا، قارا يامغۇرنىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن لاي ۋە پاخال توختىماي چۈشۈپ ئادەم تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالاتتى.

لى شەنۇۋ مومايىنىڭ يارىسىنى لۆڭگە بىلەن تاڭدى. جياۋ يۈلۈ مومايىنى ھاپاش قىلدى. ئۇلار ئالدىراش دوختۇرخانىغا ماڭدى. مومايىنىڭ قول ـ قوشىلىرى يېتىپ كېلىشىپ، مومايىنى جياۋ يۈلۈنىڭ دۈمبىسىدىن ئېلىشتى. كىشىلەر شۇندىلا مومايىنى قۇتقۇزغان كىشىنىڭ جياۋ يۈلۈ ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ئۇلار مومايىنى بىللە دوختۇرخانىغا ئاپىرىشتى. جياۋ يۈلۈ بىلەن لى شەنۇۋ يېنىك تىنىپ قايتىشتى. شۇ چاغ سائەت چۈشتىن كېيىن بىردىن ئاشقان چاغ ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# لەنكاۋلىقلارنىڭ ئۆلگىسى

1964 - يىلى 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى. بۇ جياۋ يۈلۈنىڭ ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرى، يەنى ئۇ ۋاپات بولۇشقا بىر ئاي قالغان چاغ ئىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم لەنكاۋ ناھىيەلىك پارتكوم دائىمىي ھەيئەتلەر كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئاچتى.

يىغىندا ئىشلەپچىقىرىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ، ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، تىپلارنى قانداق تۇتۇش مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرىگە قويۇلدى. جياۋ يۈلۇ ئىنچام سۆز بىلەن تەكىتلەپ:

— تىپ ئاز ھەم ساز بولسۇن. گەۋدىلەندۈرۈلسۇن، تىپلارنىڭ ماتېرىيالىنى گۆڭشېدىكى يولداشلار شەخسەن ئۆزى بىر - بىرلەپ قاراپ چىقسۇن، گەۋدىلىك تىپلار داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىنسۇن، — دېدى ھەمدە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، دۆلەتتىن قۇتقۇزۇش ئالمىغان قاتتىق سۆڭەك شۇي گوڭجۇاڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، ئۇدا يەتتە يىل مۇقىم يۇقىرى ھوسۇل ئالغان، يىلمۇيىل ئېشىنچا ئاشلىق سېتىپ كېلىۋاتقان جاۋ يىڭ گۆڭشېسىنىڭ بىرىنچى چوڭ ئەترەت ئالتىنچى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، كۆچەت تىكىشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويغان يىفېڭ گۆڭشېسىنىڭ شاڭشەن چوڭ

ئەترىتى، كۆچەتنى ياخشى تىككەن ھەم ياخشى مۇھاپىزەت قىلغان چېڭگۇەن گۇڭشېسىنىڭ خۇجى چوڭ ئەترىتى ۋە دۇجەي چوڭ ئەترىتى، قۇم بىلەن شورنى باستۇرغان سەنىيجەي گۇڭشېسىنىڭ خۇجەي چوڭ ئەترىتى، قۇملۇق دۆڭنى تىزگىنلەشتە نەتىجە ياراتقان جاۋيىڭ گۇڭشېسىنىڭ جۇئەن چوڭ ئەترىتى، يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ شورنى باستۇرغان گوياڭ گۇڭشېسىنىڭ خۇاڭكۇ چوڭ ئەترىتى بىلەن شاۋسۇڭ گۇڭشېسىنىڭ شاۋخۇتاڭ چوڭ ئەترىتى، قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرغان گوياڭ گۇڭشېسىنىڭ تۆتىنچى ئەترىتى، چارۋا بېقىپ ئاۋۇتقان گوياڭ گۇڭشېسىنىڭ خۇاڭكۇ چوڭ ئەترىتى دۇجياۋلۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، خاسىڭدىن يۇقىرى ھوسۇل ئالغان چېڭگۇەن گۇڭشېسى خەنلىڭ چوڭ ئەترىتىنىڭ ئىككىنچى، بەشىنچى ۋە ئونىنچى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان يىفېڭ گۇڭشېسىنىڭ لاۋ جۇنيىڭ چوڭ ئەترىتى بىلەن لى جەي چوڭ ئەترىتى، بىر پەسىلدە قەددىنى كۆتۈرۈپ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلغان لاۋخەنلىڭ چوڭ ئەترىتى قاتارلىق ئەترەتلەرنى تىلغا ئالدى.

ئۇلگىلەرنىڭ ئارىسىدا تىپ بولۇپ بېكىتىلگەن تۆت كەنت ۋە ئەترەت بار ئىدى. ئۇلار جياۋ يۇلۇنىڭ لەنكاۋدا داۋاملاشتۇرغان ھەم جارى قىلدۇرغان روھىي ماھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ روھ «خەنسۇن كەنتى روھى»، «چىنجەيلىكلەرنىڭ ئىرادىسى»، «جاۋدۇلۇلۇقلارنىڭ غەيرىتى»، «قوش تېرەكلىكلەرنىڭ يولى» دېگەن سۆزگە يىغىنچاقلانغانىدى.

بىرىنچى، خەنسۇن كەنتى روھى

خەنسۇن كەنتى لۇڭخەي تۆمۈريولىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە

www.uyghurkitap.com

جايلاشقان ھۆلچىلىك ئېغىر، قۇم بورانلىق ھەم شورتاڭلىق كەنت ئىدى. 1962 ــ يىلى كۆزدە بۇ كەنت يوقىتىش خاراكتېرلىك شۇ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، ھەربىر ئادەمگە ئون ئىككى سەر قوناق باشقى تەقسىم قىلىندى. ئېغىر تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا تۇرغۇن كىشىلەرنىڭ روھى چۈشۈپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە نىمە قىلارىنى بىلمەي قېلىشتى. ئامىنىڭ كەيپىياتى بەك تۆۋەن بولۇپ، قايسى يولغا مېڭىشنى بىلمەيتتى.

مۇشۇنداق مۇشكۇل پەيتتە، جياۋ يۈلۇ خەنسۈن كەنتىگە كېلىپ كادىرلارنى تاپتى، ئاممىنى يوقلىدى. ئاپەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ كۆپچىلىككە مەدەت بېرىپ، توخۇنىڭ تاتىلاپ ئوزۇق تېپىپ يەيدىغان ئىككى پۇتى بارلىقىنى، ئادەملەرنىڭمۇ ئىككى قولى بارلىقىنى، ئەمگەك قىلىشنى خالىسىلا ئاچ قالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ بىر جۈملە سۆزدىن كۆپچىلىكنىڭ قەلبى ئىللىدى، ئۇلار بىر يەرگە جەم بولۇپ قىزغىن مۇزاكىرىگە چۈشۈپ كېتىشتى.

نەزەر دائىرىسى كەڭرەك بەزى دېھقانلار مۇنداق بىر يولنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى: خەنسۈن كەنتىدە قاقاس شورتاڭلىقنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى چوڭ، قومۇشقا ئوخشاش ئوت ــ چۆپلەر كۆپ ئۆسىدۇ. بۇ ئوت ــ چۆپلەرنى ئورۇپ ساتساق پۇل تېپىپ جان باققىلى بولاتتى.

بەزىلەر دەرگۇمان بولۇپ تۇرغاندا كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن قوللىرىغا ئورغاق ئېلىشتى، ئاممىمۇ ھەرىكەتكە كەلدى. بەش ــ ئالتە كۈندىلا ئوت ــ چۆپ سېتىپ كىرىم قىلىنغان پۇل بىر مىڭ تۆت يۈز يۈەندىن ئاشتى. بىر قىش ۋە بىر ئەتىياز جاپالىق ئەمگەك بەدىلىگە ئىككى يۈز يەتمىش مىڭ جىڭ ئوت ــ چۆپ سېتىلىپ، گۆشىي ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ھەم

چارۋىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىغاندىن باشقا يەنە شوتىلىق هارۋىدىن يەتتىنى سېتىۋېلىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى غەملىۋالدى.

خەنسۈن كەنتىدىكىلەر بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق كۈرەش قىلدى. جياۋ يۈلۈ بۇ خىل روھنى «خەنسۈن روھى» دەپ ئاتىدى ھەم پۈتكۈل ناھىيەدە كەڭ تەشۋىق قىلدى.

1963 ـ يىلى جياۋ يۈلۈ خەنسۈن كەنتىگە ئىككىنچى قېتىم كېلىپ، ئۇلارنىڭ «ئۈچ زىيانداش»نى يوقىتىشىغا مەدەت بەردى!

خەنسۈن كەنتىدىكىلەر شۈجىنىڭ گېپىنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلاپ، يېرىم چاقىرىم يىراقلىقتىن سېغىز لاي ئەكېلىپ ئۈچ مو چوڭلۇقتىكى قۇملۇق دۆڭگە «مەلھەم» چاپلىدى. ئون بەش مو يەردىكى شورتاڭلىقتا ئىككى ـ ئۈچ چى قېلىنلىقتا قۇم توپا يېيىتتى. «ئىككى خىل توپا بىرلەشتۈرۈلۈپ» توپىنىڭ تەركىبى ئۆزگەرتىلدى. بىر يۈز قىرىق مو يەردىكى شورتاڭلىق يەردە سۇ باشلاش ئېرىقىدىن توققۇزنى، يېرىم چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا بىر سۇ قويۇپ بېرىش ئۆستىڭى چاپتى. قاقاس قۇملۇقتا بوراندىن مۇداپىئەلىنىپ قۇمنى تۇراقلاشتۇرىدىغان ئەللىك مو ئورمان بەلبېغى بىنا قىلدى.

بۇ كەنت كۈزدە يەنە ھۆلچىلىك ئاپىتىگە ئۇچرىدى. جياۋ يۈلۈ قولىغا ھاسا تۇتقان ھالدا، خەنسۈن كەنتىگە ئۈچىنچى قېتىم كەلدى. ئۇ ئويماندىكى داۋرىلۇقنىڭ سۇ ئىچىدە قالغانلىقىنى كۆردى. توققۇز سۇ ئاققۇزۇش ئېرىقى چېپىلغان يەردىكى داۋرىلۇقنىڭ نابۇت بولۇپ كەتمىگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

— بىز سۇ ئىبلىسىنى يەرنى پارچىلاپ تىزگىنلىگەنگە ئوخشاش تىزگىنلەيلى، — دېدى.

1963 - يىلى جياۋ يۇلۇ خەنسۇن كەنتىگە تۆتىنچى قېتىم كەلدى. كەنتنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شورلۇق يەردە ئىككى مو ئۈلگىلىك پەلەمپەي ئېتىز بەرپا قىلىنغانىدى. خەنسۇنلۇقلار مۇشۇ بىر پارچە «ئۈلگىلىك پەلەمپەي» ئېتىزىنى ئۆرنەك قىلىپ يەنە پەلەمپەي ئېتىز بەرپا قىلدى. ئۆستەڭ ۋە ئېرىق چاپتى، كۆچەت تىكىپ ئورمان ئەھيا قىلدى. ئىككىنچى يىلى يازدا ھوسۇل ياخشى بولدى.

ئىككىنچى، چىنجەيلىكلەرنىڭ ئىرادىسى

1963 - يىلى ياز ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى چۈشتە جياۋ يۇلۇ تومۇز ئىسسىقتا چىنجەي كەنتىنىڭ ئېتىزلىقىغا كەلدى. ئۇ پۇچاقلىرىنى تۈرگەن، يېڭى قىسقا مايكا كىيگەنىدى. يۈز - كۆزىدىن ئاققان تەر تامچىلىرى تاپىنى ئاستىدىكى قىزىق تۇپراققا تۆكۈلەتتى.

جياۋ يۇلۇ دېھقانلارنىڭ توپ - توپ بولۇپ «ئاق قار» قاپلىغان شورتاڭلىقنى گۈرجەك بىلەن كولاۋاتقانلىقىنى كۆردى. نەچچە قەۋەت شور ئېچىلىپ بولغانىدى. ئۇلار يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى «سېغىز لاي»نى كولاپ ئېلىپ قاردەك ئاقىرىپ ياتقان شورتاڭلىقنى سېغىز لاي بىلەن باستۇرما قىلىۋاتاتتى. يەر يېڭىلىنىپ ھەقىقىي يەرگە ئايلانغانىدى. جياۋ يۇلۇ بۇ يېڭىلىقنى كۆرۈپ ئىش ئۈستىدىكى كادىرلاردىن:

— بەك چوڭ قۇرۇلۇش ئىكەن، تۈگەل ئېچىپ بولۇش مۇمكىنمۇ؟ — دەپ سورىدى.

كادىرلارنىڭ بىرنەچچىسى جياۋ يۇلۇغا كۆزدە بولغان بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى: چىنجەي كەنتى كۆزدە سۇ ئاپىتىگە

ئۆچۈرىدى، بۇنىڭغا شور ئايىتى قوشۇلۇپ قوش ئايەتكە دۇچ كەلدى. بىر مو يەردىن ئاران ئوتتۇز جىڭ ھوسۇل ئېلىندى. ئۇلار دۆلەتنىڭ قۇتقۇزۇش ئاشلىقىغا قاراشلىق بولۇپ قالدى. ياچېيكىدىكى بىر بەن ئادەم شۇنىڭدىن تارتىپ چىنجەي كەنتىنىڭ دۆلەت ئۈچۈن يۈككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلار «كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلماس» دېگەن قائىدە بويىچە، تەجرىبىلىك بىر قىسىم دېھقانلارنى بىر يەرگە يىغىپ ئۇنۇملۇك چارە ـ تەدبىرلەر ئۈستىدە كېڭەشتى.

ئەللىك ياشتىن ئاشقان پېشقەدەم دېھقان چىن يۇدۇڭ:

— شورتاڭلىقنىڭ ئاستىدىن پۈتۈنلەي ياخشى سېغىز توپا چىقىدۇ. يەرنى چوڭقۇر كولاپ سېغىز توپىنى ئېلىپ، يەر مۇئەككىلىنىڭ ئۈچىيىنى تارتىپ چىقىپ شامالغا سالايلى! — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن چىنجەي كەنتىدە يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش ھەرىكىتى قانات يېيىپ كەتتى.

جياۋ يۈلۈ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ھەم يېڭى ئاغدۇرۇلغان يەرنى كۆرۈپ ھاياجانلانغان ھالدا:

— بۇ يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكەش روھى، پىلە قۇرتىنىڭ ئۈجمە يوپۇرمىقىنى يېيىش ئۇسۇلى، ناھىيەلىك پارتكوم سىلەرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ! — دېدى.

جياۋ يۈلۈ چىنجەيلىكلەردە سايمان كەمچىل بولۇش ئەھۋا - لىنى ئۇقۇپ، شۇ ئان تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىدىكىلەرگە ئېيتىپ، ئۇلارغا گۆرجەك قاتارلىق سايمانلارنى ئەكەلدۈرۈپ بېـ - رىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. 1965 ـ يىلى چوڭقۇر ئاغدۇرۇلغان يەرنىڭ كۆلىمى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكىدىن نەچچە ئون ھەسسە كېڭەيدى، يەنە بىر يۈز قىرىق مو يەر پەلەمپەي ئېتىز قىلىندى.

ئاشلىق 1962 ـ يىلىدىكىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشتى. گوڭشې ئەزالىرى ھاللىنىپ، دۆلەتكە سەكسەن بەش مىڭ جىڭ ئاشلىق سېتىپ بەردى.

ئۈچىنچى، جاۋدۇلۇلۇقلارنىڭ غەيرىتى

جاۋدۇلو كەنتى ئەسلىدە ئويمان ھەم زەيكەش، يامغۇر ياغسا ئاپەت يۈز بېرىدىغان، بوران چىقسا ئاسماندا قۇم ئۇچىدىغان، ئادەملىرى نامرات، ئۇلاغ ـ چارۋىسى كەمچىل كونا ئاپەت رايونى ئىدى. 1960 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلىغىچە كەنت ئۇدا ئاپەتكە ئۇچرىدى، ئۇدا يەتتە پەسىل يەردىن ھوسۇل چىقمىدى. ئاما بىر تۇتاش بېرىلىدىغان ئاشلىققا، قۇتقۇزۇش قاتارىدا تارقىتىلىدىغان كىيىم ـ كېچەككە قاراپ قالدى. پۇلغا ھاجىتى چۈشسە قەرز ئالاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم بوران ئەدەپ كەتتى. بۇ يەردىكى كادىر ۋە ئاما ئېغىر ئاپەتكە قارشى تۇرماق تەس ئىكەن، تەڭرىنىڭمۇ ئامالى يوق ئىكەن، دېگەندەك قورقۇش كەيپىياتى بىلەن چارىسىز ئەھۋالدا قالدى.

1963 ـ يىلى ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كۈنى، جىياۋ يۈلۈ شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي، سۇ كېچىپ جاۋدۇلو كەنتىنىڭ ئېتىزلىقىغا كەلدى. يامغۇر شارقىراپ يېغىۋاتاتتى. ئېتىز ئارىلىقلىرىدىكى ئېرىقلار سۇ بىلەن تولغان، لاي سۇلار يامراپ كەتكەنىدى. گوڭشې ئەزالىرى بۇ كادىرنىڭ جىياۋ شۇجى ئىكەنلىكىنى بىلگەندە، جىياۋ يۈلۈ لاي ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يەنە قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. بۇ كۈنى جىياۋ يۈلۈ جاۋدۇلو كەنتىگە يەنە كەلدى. كەنت كادىرلىرى يىغىن ئېچىۋاتقانىدى، ئۇ ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى سىقىپ مۇلايىم ئاھاڭدا:

— يىگىتلەرنى ئىچىۋېرىڭلار! مەن باشقا بىر ئۆيدە تۇرۇپ تۇراي، يىگىتلەر كېيىن پاراڭلىشايلى، — دېدى - دە، سىرتقا ماڭدى.

يىگىت تۇگىدى. يېزا كادىرلىرى جياۋ يۈلۈنى بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلماقچى بولۇشتى. ئۇلار جياۋ يۈلۈنىڭ سۇ يىغىلىپ قالغان ئويماندا تۇرغانلىقىنى بايقاپ قېلىشتى. ياچېيكا شۇجىسى جاۋ پېيدې ئىچى سىيرىلغان ھالدا:

— نېمىشقا يامغۇردا تۇرىسىز؟ — دېدى. جياۋ يۈلۈ ئېسەنگىرىگەندەك بولۇپ:

— يىگىت تۇگىدىمۇ؟— دەپ سورىدى جاۋ پېيدېدىن. جاۋ پېيدې:

— كۆپچىلىككە بىر نەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ بەرسىڭىز بولاتتى، — دېدى.

— ناۋادا خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇنغان بولسا، — دېدى جياۋ يۈلۈ، — دەرھال بۆلۈنۈپ ئىشنى باشلايلى. مېنىڭ دېگۈدەك باشقا گېپىممۇ يوق، سىلەر بىلەن بىللە ئېتىز ئارىلاي.

جاۋ يۈلۈ شۇنداق دەپ سۇ يىغىلىپ قالغان ئېتىزلىققا يۈرۈپ كەتتى.

جاۋ پېيدې يىغىننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى، ھەرقايسى كادىرلارنىڭ ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، ئېتىزلىققا بېرىپ سۇنى چىقىرىۋېتىش ئىشىنى باشلىشىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار جياۋ يۈلۈغا يېتىشىۋالدى، جياۋ يۈلۈ سۇدىن بىر تال داۋۇرنى قولىغا ئېلىپ ئىچى ئاغرىغان ھالدا:

— لاۋ جاۋ، نېمىدېگەن ياخشى داۋۇر، سۇ ئادەمنىڭ بېلىگە چىقىپتۇ. سۇ ئاستىدا قالغان داۋۇرلۇقتا ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ، — دېدى - دە، جەنۇب تەرەپنى كۆرسىتىپ، — ئاشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

تەرەپتىن شىمالغا قارىتىپ بىر ئېرىق چېپىلغان بولسا، ئويمانلىقتىكى سۇنى ئاققۇزۇۋەتكىلى بولاتتى، مۇشۇ بىر پارچە يەردىكى ئوخشىغان دادۇرلۇقنىمۇ قۇتۇلدۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئىدى، ــ دەپ قوشۇمچە قىلدى.

جاۋ پېيدې يەر شارائىتىغا ۋە سۇنىڭ يۆنىلىشىگە قاراپ، ئۆزىنىڭ بۇنى بايقىماي قالغانلىقىدىن ئەجەبلەندى.

جياۋ يۈلۇ ئۇنىڭدىن يەنە:

ــ ئېيتىڭا، بۇ يەر يىلمۇيىل ئاپەتكە ئۇچراپ كېلىۋېتىپتۇ. ئاپەتنىڭ ئاساسىي يىلتىزى نېمە؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھۆلچىلىك بىلەن قۇم بوران، ــ دەپ جاۋاب بەردى جاۋ پېيدې.

ــ توغرا ! لاۋجاۋ، ــ دېدى جياۋ يۈلۇ، ــ بىلگەنلىكەنسىز، چىڭ تۇتۇپ، ئاپەتنىڭ يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلاش كېرەك ئىدىغۇ !

جياۋ يۈلۇ نۇرغۇن ئېتىزنى ئايلاندى. سۇ يۆنىلىشى كۆرسىتىلگەن تالاي خەرىتىنى كۆردى. جەنۇب ياكى شىمال، شەرق ياكى غەرب تەرەپتىن چېپىلىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە ئېرىقلارنى لايىھەلىدى. جياۋ يۈلو جاۋدۈلودا يەنە يىغىن ئاچتى. ئۇ ئاممىنى قوزغاپ، توختام سۇنى چىقىرىۋېتىشكە تەشكىللىدى.

جاۋدۈلودىكى پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئامما جياۋ شۇجىغا ئەگىشىپ قارا يامغۇردا يىغىلىپ قالغان سۇدا ئون كۈندىن ئارتۇق ئىشلەپ، ئېتىزلاردىكى يىغىلىپ قالغان سۇنى چىقىرىۋەتتى. چوڭ ئەترەت تەۋەسىدە سۇ ئاستىدا قالغان بەش مىڭ توققۇز يۈز مو يەردىكى زىرائەتتىن بەش مىڭ بەش يۈز مو يەردىكىسى قۇتقۇزۇۋېلىندى.

ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن جياۋ يۈلۇ جاۋدۈلولۇقلارنى

ماختاپ:

— جاۋ دۈلودىكى ئەزالار ھەقىقەتەن غەيرەتلىك ئىكەنسىلەر، سىلەردىن پۈتۈن ناھىيە ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ، — دېدى.

شۇ يىلى قىشتا، جياۋ يۈلۈ يەنە كەلدى. ئۇ جاۋدۈلولۇقلارغا ۋېيدۇبىنلىقلارنىڭ سېغىز لاي بىلەن قەبرىستانلىقنى باستۇرما قىلغان تەجرىبىسىنى يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق قۇملۇق دۆڭلەرنى تىزگىنلەش چارىسىنى تونۇشتۇردى. جاۋدۈلولۇقلار بىر قىش ۋە بىر ئەتىياز جاپالىق ئىشلەپ، چوڭ ئەترەتتىكى يىگىرمە ئالتە قۇملۇق دۆڭنى سېغىز لاي بىلەن تىزگىنلىدى. ئاندىن كېيىن قۇملۇق دۆڭلەرگە قاتار - قاتار كۆچەت تىكىپ، سېغىز لاي ياتقۇزدى. جاۋدۈلو ئۆزگىرىپ يېشىللىققا پۈركەندى.

تۆتىنچى، قوش تېرەكلىكلەرنىڭ يولى

خۇڭمياۋ گۇڭشېسىدا «قوش تېرەك» دەيدىغان بىر چوڭ ئەترەت بار ئىدى. 1961 - يىلىدىن تارتىپ ئۇدا ئون نەچچە يىل ئاپەت بولغاچقا، دېھقانلار قەددىنى رۇسلىيالماي قالدى. 1963 - يىلى زىرائەتلەردىن ئاساسەن ھوسۇل ئالغىلى بولماي، ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈپ قالدى.

پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ فاشياڭ قوش تېرەك چوڭ ئەترىتىنى «بېيىش يولى»غا باشلىماقچى بولدى. ياچېيكىدىكى بىر بەن ئادەم كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باشلامچى بولۇپ بىر مىڭ سەككىز يۈز يەندىن كۆپرەك پۇل يىغدى.

ئۈچىنچى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى گۇڭشې ئەزاسى چېڭ جىڭلۈن:

— گەرچە يىگىرمە يەنلا پۇلۇم بولسىمۇ، ئەترەتنىڭ

قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بېرىۋەتتىم. بۇ مېنىڭ كوللېكتىپقا بولغان كۆڭلۈم، — دېدى.

يەنە تۆت گۇڭشې ئەزاسى ئۆيدە ساقلاۋاتقان يەتتە يۈز جىڭ بۇغداينى ئەترەتكە تەقدىم قىلىپ، ئۇرۇقلۇق بۇغداي مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ئۇلار پۇل چىقىرىشىپ ئەترەتكە يەتتە توياق چارۋا ۋە بىر مىڭ بەش يۈز جىڭ ئۇرۇقلۇق بۇغداي ئېلىپ بەردى. ئۇلاغ كۈچىگە ئادەم كۈچى قوشۇلۇپ، بۇغداي ناھايىتى تېزلا تېرىلىپ بولۇندى. شۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق روھى ھەم يورۇقلۇقتىن ئۈمىد نۇرى چېچىلدى.

جياۋ يۈلۇ بۇ تېپنى بايقاپ، ئۇلارنىڭ كوللېكتىۋىزملىق روھىنى ماختىدى. ئۇلارنىڭ ماۋ جۇشى كۆرسەتكەن كوللېكتىپ بېيىش يولىغا ماڭغانلىقىنى، ماڭغان يولىنىڭ توغرىلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى! ناھىيەلىك پارتكومنىڭ بۇ شۇجىسى تەسىرلەنگەن ھالدا ھەممە جايدا «قوش تېرەكلىكلەرنىڭ يولى»نى تەشۋىق قىلىپ، پۈتكۈل ناھىيە خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۆرەش قىلىشقا، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇشتەك قىممەتلىك روھنى يېتىلدۈرۈشكە چاقىردى.

جياۋ يۈلۇ بۇ چوڭ ئەترەتكە كۆپ قېتىم كەلدى، كادىرلار ۋە ئاممىغا مەدەت بەردى. ئۇلارنىڭ ئاپەتكە قارشى كۆرەش قىلىش ۋە كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىرادىسىگە كېلىشىگە ياردەم بەردى.

جياۋ يۈلۇ خەنسۇن، چىنزەي، جاۋدۈلو ۋە قوش تېرەك كەنتلىرىدىكى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ۋە جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىشتەك ئىنقىلابىي روھىدىن تولىمۇ تەسىرلەندى، ئۇ مۇشۇ تېپلارنى تىكلەپ، لەنكاۋلىقلارنى مۇشۇ تېپلار ئارقىلىق ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇردى!

# ئاخىرقى ئېلىشىش

جياۋ يۇلۇ كېسەلنى مەيلى قانچىلىك يوشۇرسۇن، كىشىلەر ئۇنىڭ چىرايى ۋە روھىي ھالىتىدىن مەسىلىنىڭ خېلى ئېغىرلىقىنى بىلىۋالاتتى. ئۇ يىغىن ئاچسۇن، دوكلات بەرسۇن ياكى باشقىلارنىڭ خىزمەتلىرىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلىسۇن، كىشىلەر ھەمىشە ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنى ئورۇندۇققا ئېلىپ، تىزىنى كۆتۈرۈپ، ئوڭ بىقىنىنى تىرەپ ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆرەتتى.

ناھىيەلىك پارتكوم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئۇنى داۋاملىق دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا دەۋەت قىلاتتى. بىراق، جياۋ يۇلۇ ئۇنى كىشىنى قايىل قىلغۇدەك بىر سەۋەب كۆرسىتىپ رەت قىلاتتى:

— كېسەل ئادەمنىڭ دوختۇرخانىدا ياتمىغىنى تۈزۈك. چۈنكى، ئادەم كېسەلخانىدا كېسەللەرنىڭ ئەھۋالىنى قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ، كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، ئادەم كېسەللەرنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالسا، يېنىك كېسەلمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرغىنى ياخشى، خىزمەتنىڭ خۇشاللىقىدا ئاغرىق ئازابى يوقىلىدۇ، بۇ كېسەلنى يېڭىشكە پايدىلىق، — دەيتتى.

داۋالاش پىسخىكىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جياۋ يۇلۇنىڭ قارىشىنى يۈزەكى دېگىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىشتا بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى پېكىتى
www.uyghurkitap.com



«ئۆلچەم»نى ئىگىلىمەيمۇ بولمايدۇ. مەيلى بىەن چۆ ياكى خۇاتۇ بولسۇن، كېسەلنى دورا بىلەن داۋالىغان. كېسەلنى دورا بىلەن داۋالاش ئومۇمىي ھەقىقەت. كاللىسى سەگەك جياۋ يۇلۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭدا ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق پىداكارانە روھ بار.

1964 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جياۋ يۇلۇ كەيفېڭدە ئېچىلغان ۋىلايەتلىك پارتكوم يىغىنىغا قاتناشتى. ئۇنىڭ جىگەر كېسىلى تۇيۇقسىز ئېغىرلاپ، قاتتىق نەرسىلەر بىلەن ئۇڭ بىقىنىنى تىرەشتەك يەرلىك ئۇسۇلمۇ ئاقماي قالدى، ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن قارا تەرگە چۆمۈپ كەتتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ رەھبىرى ئۇنى دەرھال دوختۇرخانىدا يېتىپ داۋالىنىشقا بۇيرۇدى. جياۋ يۇلۇ:

— يىل بېشىدا بىر يىللىق خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرچە دوختۇرخانىدا ياتالمايمەن، — دېدى.

بىر داڭلىق جۇڭيى دوختۇرى ئۇنىڭغا ياخشى رېتسېپ يېزىپ بەرگەندى. ئۇ بىر بولاق دورىنىڭ باھاسىنىڭ ئوتتۇز يۈەن ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، قىممەت كۆرۈپ ئالمىدى. ناھىيەلىك پارتكومدىكى بىر يولداش ئۇنىڭغا دېمەي ئۈچ بولاق دورا سېتىۋالدى. جياۋ يۇلۇ ئۇنى:

— لەنكاۋ ئاپەت رايونى، ئامما غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتسا، بۇنچىلىك قىممەت دورا كىمنىڭ گېلىدىن ئۆتىدۇ؟ — دەپ تەنقىدلەپ كەتتى.

جياۋ يۇلۇ تۆت بولاق دورىنىڭ ئۈچ بولىقىنى ئېلىپ بىر بولىقىنى ئالمىدى.

يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن جياۋ يۇلۇ ئالدىراش ناھىيەگە قايتىپ، كېچىلەپ ناھىيەلىك پارتكوم يىغىنى چاقىرىپ،

ۋىلايەتتە ئىچىلغان يىغىننىڭ روھىنى يەتكۈزدى، خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇردى، كېيىنلا يەنە ئىشقا تۇتۇش قىلىپ كەتتى.

بىر قېتىملىق يىغىندا جياۋ يۇلۇ قەلەمنى ئوڭ بىقىنىغا تىرىۋالغانىدى، بىشىدىن يۇرقىراپ تەر چىقىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ روھى كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا:

— چاغان يىڭىلا ئۆتۈپ كەتتى. يەر - زېمىن يەنىلا قارنىڭ ئاستىدا، سوغۇق شامال نەشتەردەك سانجىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئاممىمىز ھەرىكەتكە كېلىپ بولدى. بىز پەقەت رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىي ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانساقلا، بۇ يىل ئۆز - ئۆزىمىزنى قامداپ كېتەلەيدىغان، كېلەر يىلى ئۆز-ئۆزىمىزدىن ئېشىنالايدىغان نىشانغا يېتەلەيمىز... — دېدى.

جياۋ يۇلۇ شۇنداق دەپ بولۇپ گۈدەك بالىلاردەك كۈلۈپ كەتتى... ئاندىن كېيىن خىزمەتلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرگىلى تۆۋەنگە چۈشتى. بۇرۇن ئۇ ۋېلىسىپىتنى شامالدەك تېز ھەيدەيتتى، شۇ كۈنى پىيادىلىنى تېپەلمەي قالدى. ئۇ دۆڭدە ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئوڭ بىقىنىنى سىلىدى، چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كەتكەنىدى.

يوپۇرۇلۇپ كەلگەن كۆپچىلىك گەپ - سۆز قىلماي ئامالسىز قاراپ تۇرۇشتى. جاڭ فامىلىلىك بىر كادىر تىت - تىت بولۇپ:

— ھازىرچە قايتىپ كېتەيلى! — دەپ تەكلىپ بەردى.

جياۋ يۇلۇ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئىشلار بىزنىڭ بېجىرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ، — دەپ ۋېلىسىپىتنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ كەتتى.

— لاۋ جياۋ، سىزنىڭ كېسىلىڭىز بەك ئېغىر، — دېدى گېپى ئوچۇق لاۋ جاڭ، — ئالمىدىس بىرەر ئىش بولۇپ قالسا...

www.uyghurkitap.com

لەنكاۋ خەلقى سىزگە موھتاج، «ئۈچ ئاپەت»نى تىزگىنلەش خىزمىتى سىزگە موھتاج...

جياۋ يۈلۇ كۈلكىلىك گەپ ئاڭلىغاندەك ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— مەن بىر ئادەمدە شۇنچىلىك قالتىس ئىقتىدار بارمۇ؟ ئاپەت رايونىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچ دېگەن پارتىيە ۋە لەنكاۋدىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش مىڭ خەلق! يەنە كېلىپ كېسىلىمنىڭ ساقايماس كېسەل ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن! — دېدى.

ئۇلار ناھايىتى تەستە گۇڭشېغا يېتىپ كېلىشتى، گۇڭشې شۇجىسى جياۋ يۈلۈنىڭ چىرايىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، سارغىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كېسىلى قوزغالغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇ كېسەلنىڭ گېپىنى چىقىرىشقا پېتىنالماي، خىزمەتنىڭ گېپىنى قويۇپ، ئالدى بىلەن سەل ھاردۇق ئېلىشنى ئېيتتى. جياۋ يۈلۇ مەسلىھەتكە ئورۇن قالدۇرماي:

— مەن ھاردۇق ئالغىلى كەلمىدىم، يەنىلا ئۆزۈڭلارنىڭ ئەھۋالىنى دەڭلار! — دېدى.

گۇڭشې شۇجىسىنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى، شۇنداق بولسىمۇ ئامال يوق دوكلات بېرىشكە باشلىدى. جياۋ يۈلۇ ھاسىراپ تۇرۇپ خاتىرە يازدى. يازغان خەتلىرى قىڭغىر - قىيسىق ئىدى. قەلەم نەچچە قېتىم قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئەتراپتا تۇرغانلار قاراپ چىدىيالماي تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. «خىزمەت ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلىتىدۇ» دېگەن قاراشقا ئىشىنىپ كېلىۋاتقان جياۋ يۈلۇ تۆۋەنگە بېرىش پىكرىدە چىڭ تۇردى. جياۋ يۈلۇ ئەمدىلا دەرۋازىدىن چىقىشىغا، تۇيۇقسىز تۇتۇپ كەتكەن ئاچچىق ئاغرىق ئازابىدىن ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى

تاس قالدى. ئۇ نائىلاج كېسەلنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ناھىيەگە قايتتى.

لېكىن، جياۋ يۈلۈ ئاغرىق قويۇپ بەرگەن ھامان ئۇياق ـ بۇياققا چېپىپ يۈرۈپ، دوختۇرخانىغا بېرىپ ۋاقتىدا ئوكۇل سالدۇرمىدى. داۋالاش باسقۇچىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىشقا بېرىش ـ كېلىشتە ناھىيەلىك پارتكوم بىناسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتىدىغان بىر سېستىرانى جياۋ يۈلۈغا ئۆز قەرەلىدە ئوكۇل ئۇرۇشقا ئاجراتتى. ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن جياۋ يۈلۈ ئىككى قېتىم ئوكۇل ئۇردۇرۇپلا، بۇ «ئالاھىدە غەمخورلۇق»نى رەت قىلدى.

كېيىن جياۋ يۈلۈ ئاخىر دوختۇرخانىدا مەجبۇرىي ياتتى. دوختۇر: كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىر، دەرھال باشقا دوختۇرخانىغا يۆتكەپ داۋالاش كېرەك، دەپ دىياگنوز قويدى.

جياۋ يۈلۈ داۋالىنىش مەزگىلىدە بەزىلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلار بىلەن خىزمەت توغرۇلۇق، يەنە بەزىلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ ئۇلار بىلەن ئاپەتنى تىزگىنلەش توغرۇلۇق پاراڭلىشاتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە كۆپرەك ئىش قىلىشنى ئويلايتتى.

جياۋ يۈلۈنىڭ كېسەل ئازابىدا قىينىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەممىدىن بەكرەك خوتۇنى شۈي جۈنيا بىلەتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئەل ئايىغى بېسىققان چاغدا ئىستاكاننى يوتقىنىغا تىقىپ، قاتتىق ئاغرىپ كېتىۋاتقان يېرىگە تىرەۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئېرى ھارغىنلىق يەتكەندە ئۇخلاپ قالاتتى، ئويغۇلۇقتا ئىڭراپ سالاتتى، يا ئاغرىق دەستىدىن بىراقلا ئويغىنىپ كېتەتتى، پەقەت بولالماي قالغاندا شاققىدە كىيىملىرىنى كىيىپ، كارىۋاتتىن چۈشۈپ ناچار تاماكىدىن بىر تالنى تۇتاشتۇرۇپ چېكەتتى.

www.uyghurkitap.com

بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ بىر تەرەپتىن ھۆججەت كۆرەتتى، تەستىق سالاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن تاماكىنى قاتتىق شوراپ چېكەتتى. مۇشتەك چىشلىرىنىڭ ئارىسىدا غىچىر - غىچىر قىلاتتى. مۇشتەكنى ھەممىشە چاينىۋېتەتتى. چىدىماي قالغان شۇي جۇنيا تىترىگەن ھالدا ئۇنىڭدىن:

— سىز ئاغرىق ئازابىغا چىشىڭىزنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىسا، جياۋ يۇلۇ:

— خومارىم كۈچلۈك، بۇ مۇشتەك چىڭ ئەمەس ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرەتتى چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ. خوتۇنى:

— بەك ئاغرىپ كەتكەن بولسا، دوختۇر چاقىرتىپ كېلىپ ئوكۇل ئۇردۇرايمۇ؟ — دېسە، جياۋ يۇلۇ:

— تۇن كېچە بولدى، كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇش ياخشى ئەمەس، بەك ئاغرىپمۇ كەتمىدى، — دەيتتى.

— سىز كۈنسېرى ياداپ كېتىۋاتىسىز، جېنى تۆمۈردىن سوقۇلغان ئادەممۇ ئارام ئالىدۇ، كېسەل ئادەم كېسىلىنى داۋالاتمايدىغان ئىش نەدە بار؟ — دەيتتى شۇي جۇنيا كۆزىگە لىققىدە ياش كېلىپ.

جياۋ يۇلۇ يەنە كۈلۈپ ھېلىقى بىر يۈرۈش داۋلىنى تىلغا ئېلىپ:

— ئىشقىلىپ ئۇخلىمايمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئازراق ئىش قىلغىنىم ياخشى، كېسەل ئازابىنى ئۇنتۇيمەن. بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى، خىزمەت قىلىدىغان ۋاقىت يېتەرلىك بولىدۇ، ھېلىقى ماقالىنى يېزىپ بولالمىغانىدىم، شۇنى يازاي... — دەيتتى.

بۇ «لەنكاۋ خەلقى قالتىس ئىرادىلىك، يۇرت - ماكانىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىشقا جۇرئەتلىك» دېگەن تېمىدىكى ماقالە ئىدى. شۇي جۇنيانىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، ئۇ ماقالىنى بىرسىگە

يازغۇزۇشنى ئېيتقان، ئەمما جياۋ يۈلۈ:
— بۇ ۋەزىپىنى ناھىيەلىك پارتكوم ماڭا تاپشۇرغان تۇرسا، خالىغانچە باشقىلارغا يۈكلەپ قويسام بولامدۇ؟ — دېگەن.
جياۋ يۈلۈ 1964 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 28 ـ كۈنىگىچە يۇرتىغا بېرىپ تۇغقان يوقلاپ كېلىش توغرىسىدا پارتىيە تەشكىلاتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىككە ئىلتىماس سۇنغانىدى، ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلاندى. ئۇ يىگىرمە سەككىز يىلدىن بۇيان مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى كىچىك تاغلىق كەنتنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالمىغانىدى.
جياۋ يۈلۈ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە توساتتىن يۇرتىغا بىر قېتىم بارغۇسى، يىلتىزىنى بىر قېتىم ئىزدىگۈسى كېلىپ قالدى. بۇ چۈشىنىش تەس بولغان بىر مەسىلە ئىدى — يۇرتىدىن ئايرىلغىنىغا يىگىرمە سەككىز يىل بولغان بۇ مۇساپىرنىڭ كۆڭلىگە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە قانداقتۇر بىرنەرسە ئالدىنئالا ئايان بولغانمىدۇ ياكى مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئەجدادلىرىنىڭ روھى ئۇنى چاقىرغانمىدۇ؟
جياۋ يۈلۈ يۇرتىغا باردى. بېيگۇشەندىكى يۇرتداشلىرى بۇ خەۋەرنى بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشتى. ئوتتۇز ـ قىرىق ياشلىق كىشىلەر ئوقۇغۇچىلارغا خاس چاچ قويۇپ، ئوقۇغۇچىلار فورمىسى كىيگەن، ئاپتاپ كۆرمىگەن بۇ تالىپنى ياكى ھەربىي فورما كىيگەن، يېنىغا ماۋزېر ئاسقان بۇ قاملاشقان قوراللىق كادىرنى ھېلىھەم يادىغا ئالالايتتى. بېيگۇ تېغىنىڭ غەربىي ئېتىكىدە بۇرۇنقى ھالىتىدە تۇرغان جياۋ ئائىلىسى ھويلىسىدا جەم بولغان قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ شاد كۈلكىسى ياڭرايتتى.
نەچچە كۈن قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. جياۋ يۈلۈ ئانىسى، يەڭگىسى ۋە جىيەنلىرى ھەم قولۇم ـ قوشنىلار

بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇشتى. كۆپچىلىك مۇنداق بىر ئورتاق تونۇشقا كېلىشتى: جياۋ يۇلۇ يەنىلا شۇ جياۋ يۇلۇ ئىدى. ئۇ چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئەدەپلىك بالا، تەڭتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا ئاكا ياكى ئىنى، كىچىكلەرنىڭ ئالدىدا مېھرىبان ۋە مۇلايىم مۆتىۋەر ئىدى...

يۆياڭ تېغى بىلەن بىيگۇ تېغى تۇتاشقان جاي جياۋ جەمەتى قەبرىستانلىقى ئىدى. جياۋ يۇلۇ خوتۇنى بىلەن قىزىغا قەبرىلەرنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسىتىپ، مەرھۇملار بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ نامراتلىقتا، جەبىر ـ جاپادا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

جياۋ يۇلۇ خوتۇنى ۋە باللىرىنى باشلاپ ئاتىسىنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ:

— بوۋاڭلارنىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ پومېشچىك قەرزىنى سۈيلەپ تۇرۇۋالغاچقا، بوۋاڭلار ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغان. ئۇ چاغدا ھەممىمىز ياۋا كۆكتات قايناتىپ يەيتتۇق، چوڭ ئاكاڭلار شاۋلىيەن ھايات بولغان بولسا بۇ يىل يىگىرمە ياشقا كىرىپ ھەقىقىي شەندۇڭلۇق ئەزىمەت بولاتتى، — دېدى.

جياۋ يۇلۇ يۇرتىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىسى ئالدىدا تەسىرلىنىپ:

— باللىرىم، بۇ بىزنىڭ يۇرتىمىز. بۇ ئىنقىلابىي قۇربانلار ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ياپون جاھانگىرلىكىنى قوغلاپ چىقىرىش يولىدا بۇ يەردە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن، ئۇلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى بەدىلىگە بىز بەختكە ئېرىشتۇق. ئۇلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماڭلار، — دەپ يىغلاپ كەتتى.

جياۋ يۇلۇ يۇرتى شەندۇڭدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ چەكلىك
هايات مۇساپىسىدە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار باردەك
تېخىمۇ جان تىكىپ ئىشلىدى.
3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۇنى جياۋ يۇلۇ ناهىيەلىك پارتكوم
كادىرلىرى بىلەن خىزمەتلەرنى تەكشۇرگىلى سەنيىجەيگە
ۋىلسىپىتلىك باردى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۆۋەنگە چۇشكەن جاڭ
سىينىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، شۇ كۇنى جياۋ يۇلۇ قاتتىق
هاياجانلانغان. قاتار كەتكەن هەربىر تۇپ دەرەخكە، هەربىر
ئېرىققا، ئېتىزلىقتىكى زىرائەتلەرگە ئۇماق بالىلارغا پۇتۇن
مېهرى بىلەن قاراپ كەتكەن بوۋايلارغا ئوخشاش هاياجانلىنىپ
قاراپ كەتكەن.
دەل شۇ پەيتتە جياۋ يۇلۇنىڭ جىگەر كېسىلى ئۇشتۇمتۇت
قوزغىلىپ قالدى. ئۇ مۇكچىيىپ هاسىسىغا تايىنىپ ماڭغاندەك
ۋىلسىپىتنىڭ رولىغا تايىنىپ قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ
ماڭدى. ئۇ ئاخىر گۇڭشېغا يېتىپ كەلدى. گۇڭشې شۇجىسىنىڭ
دوكلاتىنى ئاڭلاۋېتىپ، قوللىرى تىترەپ، قەلەم يەنە قولىدىن
چۇشۇپ كەتتى.
دوكلاتنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، جياۋ يۇلۇنىڭ
شورتاڭلىقنىڭ قۇم بىلەن باستۇرما قىلىنىش ئەهۋالىنى
كۆرگىلى خۇجەي كەنتى، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا
قويغان نەنماجۇاڭ كەنتى، شورتاڭلىقنى چوڭقۇر ئاغدۇرغان
مېڭجياۋ كەنتى قاتارلىق كەنتلەرگە بارغۇسى كېلىپ گۇڭشې
دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا چىقىشىغا، جىگەر ئاغرىقى يەنە تۇتۇپ
كېتىپ تىنالماي قالدى.
3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۇنى ناهىيەلىك پارتكوم جياۋ يۇلۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

شۇ كۈنى سائەت ئون ئىككىدە كېسەلنى داۋالىتىش ئۈچۈن بىر ئادەم بىلەن كەيفىڭغا يولغا سېلىشنى قارار قىلدى.

بىراق، جياۋ يۇلۇ كۆنتەرتىپىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆزىنى ئاخىرقى باسقۇچتىكى خىزمەتلەرگە ئاتىۋەتتى. ئۇ ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، بەزىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتى، بەزى يولداشلاردىن قول تۇتىدىغان مەسىلىلەرنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سورىدى. جياۋ يۇلۇ ئۆزى بىلەن كۆرۈشكەن ھەربىر ئادەمدىن مېھرىنى ئۈزەلمىدى.

1964 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئەتىياز ئايلىرىنىڭ سوغۇق بىر كۈنى توپ - توپ كادىر ۋە ئامما جياۋ شۇجىنى ئۇزاتقىلى چىقتى. كىشىلەر چىرايى سامانىدەك سارغىيىپ كەتكەن شۇجىغا ئۈنسىز قاراپ تۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ ھەسرەتلىك قەلبىدە يېشىلمەيدىغان بىر تۈگۈچ بار ئىدى: ئۇ قانداق كېسەللىككە گىرىپتار بولغاندۇ؟ ساقىيىپ كېتەلەرمۇ؟ ياخشى كۈنلىرىمىز ئەمدىلا باشلانغاندىغۇ؟...

جياۋ يۇلۇ كىشىلەرگە كېسەلى ئېغىر ئىكەن، دېگەن تەسىراتنى بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئامېرىكىنىڭ كونا جىپ ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرمىدى، ھارۋىنى، ھەتتا ۋېلىسىپىتنىمۇ رەت قىلدى. ئۇ ھاسىرىغان ھالدا ئالدىغا ئېڭىشكەن پېتى ۋوگزالغا قاراپ ئاستا يۈرۈپ كەتتى. يولداشلارنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلىپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىشقا تىرىشاتتى. جەنۇبتىن شىمالغا سەپ تارتىپ تۇرغان ئۇزاتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئايىغى كۆرۈنمەيتتى. جياۋ يۇلۇ كۈلۈشكە ئۇرۇناتتى، كىشىلەر كۆز يېشى قىلىشىپ كەتتى.

جياۋ يۇلۇ پويىزغا چىققۇچە ئارىلىقتا «ئۈچ زىيانداش»نى

يوقىتىش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا خېلى بىر هازاغىچە قارىدى، ئاندىن پەس ئاۋازدا بىر سۆزلەپ، بىر تىنىپ:

— «ئۈچ زىياندash»نى يوقىتىش لەنكاۋدىكى ئۈچ يۈز ئاتمىش مىڭ خەلقىنىڭ جىددىي تەلىپى، پارتىيە بىزگە تاپشۇرغان شەرەپلىك ۋەزىپە، سىز چوقۇم ئاممىغا ياخشى رەھبەرلىك قىلىڭ! مەن ساقىيىپ قايتىپ كېلىپ يەنە سىزنىڭ ئۇمۇمىيۈزلۈك دوكلاتىڭىزنى ئاڭلايمەن، — دېدى.

بۇ گەپ ھەربىر ئادەمنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# «جياۋ يۈلۈ، سىز قەلبىمىزدە مەڭگۈ هايات»

ئەتىيازدىكى بۇ قايغۇلۇق كۈن، يەنى 1964 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ھېلىھەم كىشىلەرنىڭ ئېسىدە. شۇ كۈنى جياۋ يۈلۈ كەيفېڭ دوختۇرخانىسىدا شۇ ياتقىنىچە لەنكاۋدىن مەڭگۈ ئايرىلدى.

كېسەللىك ئەھۋالىغا قويۇلغان دىياگنوز نەتىجىسى شۇملۇقتىن دېرەك بەردى. ۋىلايەتلىك پارتكوم جياۋ يۈلۈنى جېڭجۇ دوختۇرخانىسىغا يۆتكەپ داۋالاشنى قارار قىلدى. ئەقىللىك جياۋ يۈلۈ قەستەنگە خۇپسەنلىك قىلىپ گەپ يېمەي، بۇ قارارغا قوشۇلمىدى. ئۇ:

— مېنىڭ كېسىلىم ھېچقانچە كېسەل ئەمەس. ئاپەت رايونى شۇ قەدەر نامرات، ماڭا پۇل ئىشلىتىشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى؟ دىياگنوز قويۇلۇپ كېسىلىم ئېنىقلانغاندىن كېيىن، مەن يەنىلا لەنكاۋغا قايتىپ، داۋالانغاچ خىزمەت قىلىمەن! — دېدى.

جياۋ يۈلۈ ئەركىن ـ ئازادە سۆزلىگەنسېرى يولداشلارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ۋىلايەت رەھبەرلىرى ئۇنىڭغا تەكرار ـ تەكرار چۈشەندۈرۈپ:

— ئاپەت رايونى خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ خىزمەت قىلىشىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ، سىزنى ئىمكانقەدەر تېزرەك داۋالاپ ساقايتىش ئۈچۈن جېڭجۇغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىمىز، — دېيىشتى.

جياۋ يۈلۈ جېڭجۈغا بارغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى ئۇنى ئالدى بىلەن داۋالاشقا ئورۇنلاشتۇردى. بارلىق تەكشۈرۈش ۋاسىتىلىرى ئىشلىتىلدى. ئايال دوختۇر كېسەللىك تارىخىغا ھەسرەت بىلەن «جىگەر راكىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى» دەپ دىياگنوز نەتىجىسىنى يازدى.

شۇ چۈنىيانىڭ بېشىدا چاقماق چاقىغاندەك بولدى. ئۇ تۆكۈلۈشكە تەييار تۇرغان ياشلىرىنى زورىغا ئىچىگە يۇتتى. جياۋ يۈلۈ خوتۇنىنىڭ روھىي ھالىتىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقاپ ئۈنىگدىن:

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى كۆلۈپ تۇرۇپ. خوتۇنى:

— ھېچنېمە، باللاردىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن... — دەپ جاۋاب بەردى.

جياۋ يۈلۈ ئارتۇق بىرنېمە دېمىدى، ئۇ ھەممە ئىشنى بۇرۇنلا بىلىپ بولغانىدى.

جېڭجۈ دوختۇرخانىسى جياۋ يۈلۈنى بېيجىڭ دوختۇرخانىسىغا يۆتكىدى.

ئۈنىڭغا غەمخورلۇق قىلىۋاتقان پېشقەدەم يولداشلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى بەنگۇڭتىڭى بىلەن سۆزلەشتى. جياۋ يۈلۈنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا مەملىكەت بويىچە ئەڭ داڭلىق مۇتەخەسسىسلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مۇتەخەسسىسلەر تەكشۈرۈپ، جياۋ يۈلۈنىڭ جىگىرىنى مونەك قاپلاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى ۋە «جىگەر راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى، راك ھۈجەيرىلىرى تېرە ئاستىغا كېڭەيگەن» دەپ دىياگنوز قويدى.

بۇ ساقايماس كېسەل ئىدى. مۇتەخەسسىسلەر ئېغىر خورسىنىشتى. ئۇلار شۇ چۈنىياغا ۋە لەنكاۋدىن كەلگەن يولداشلارغا قايغۇلۇق ھالدا:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى



— قولىمىزدىن پەقەت داۋالاشنى مەخپىي تۇتۇشلا كېلىدۇ، باشقا ئامال يوق... ئۇ كۆپ بولسا يىگىرمە نەچچە كۈن ئۆمۈر كۆرىدۇ... — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، جياۋ يۈلۈ يەنە جېڭجۇ دوختۇرخانىسىغا قايتۇرۇپ كېلىندى. بۇنداق ساقايماس كېسەلنى مەيلى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى دوختۇرخانا داۋالىسۇن ياكى ئەڭ ناچار دوختۇرخانا داۋالىسۇن، بەربىر ئىدى.

جياۋ يۈلۈنى نۇرغۇن ئادەملەر يوقلاپ كەلدى. ئۇ يوقلاپ كەلگەنلەرگە: يوقلاپ كەلمەسلىكنى، ئۆزىنىڭ خىزمەت قىلماي يېتىپ دۆلەتنىڭ پۇلىنى خەجلەۋاتقان تۇرۇپ، يەنە يولداشلارنى ئاۋارە قىلغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ناھىيەلىك بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلىنى تېززەك لەنكاۋغا قايتىپ، ئۆزىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى تەشكىلگە دوكلات قىلىشقا، يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئىتتىپاقلىشىپ «ئۈچ زىيانداش»نى تىزگىنلەشكە ئۈندەيتتى، تالادا يامغۇرنىڭ قاتتىق يېغىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالغاندا، خوتۇنى شۈي جۈنيانى زىرائەتلەرنى سۇ بېسىپ كەتتىمۇ - يوق، لەنكاۋغا بېرىپ كۆرۈپ كېلىشكە دەۋەت قىلاتتى.

جىگەر راكى ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەندە، جياۋ يۈلۈنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە يامانلىشىپ، ئاغرىق ئازابىغا كۈنسېرى چىداشلىق بېرەلمەي قالدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى توختىماي تىترەيتتى، ئىگراپ سالماسلىق ئۈچۈن كالپۇكىنى چىشلەپ زېدە قىلىۋەتتى، بىلىكىدىكى قان تومۇرلار قېتىپ، ئوكۇل يىڭنىسى ماڭماس بولۇپ قالدى. ئۇ ئاغرىق دەستىدە ۋايساپ باقمىدى. دوختۇرلار سۈيۈقلۇق ماڭغۇزۇش ئۈچۈن جياۋ يۈلۈنىڭ ئوششۇقىدىن ئۈچ مىللىمېتىر

چوڭقۇرلۇقتا بىر جايىنى كېسىپ، شۇ يەردىن سۇيۇقلۇق ماڭدۇردى. ئۇ باشتىن ـ ئاياغ ىڭ ـ پىڭ قىلمىدى.

جياۋ يۇلۇ ئۆزىگە كۆيۈنگەن دوختۇر، سېستىرالارغا:

— داۋالاشقا پايدىلىقلا بولسا، ئاخىرغىچە سىناق قىلىڭلار! — دەيتتى.

جياۋ يۇلۇ ئىنتايىن ئازابلىق تۈرلۈك تەكشۈرۈشلەرنى قوبۇل قىلدى: فىزىكىلىق داۋالاش، جىگەرنى تېشىش... بىر تال دورىنى يۇتۇش توغرا كەلگەندىمۇ، ناھايىتى ئەستايىدىل بولدى. گېلىدىن ھەرقانداق يېمەكلىك ئۆتمەي قالغاندا، ئاپقۇر چىنىدىكى جۇڭپىنى دورىسىنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋېتەتتى. ئۇ تاماقتىن قالغانىدى، زورلاپ يېگەن ئازراق نەرسىمۇ يېنىپ كېتەتتى.

— نېمە يېگۈڭىز كەلسە بىزگە دەۋېرىڭ... — دەيتتى دوختۇر، سېستىرالار. جياۋ يۇلۇ:

— بۇ يەردە يېمەك ـ ئىچمەك ياخشى، لەنكاۋدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقنىڭ نېمە يەيدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇلارنىڭ قورۇتۇلغان تاتلىقياڭيۇغىمۇ قورسىقى تويمايدۇ. مېنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىم سەل چېكىدىن ئېشىپ كەتتى، — دەيتتى.

جياۋ يۇلۇ خورسىنىپ قوياتتى. ئۇ بىرھازا سۈكۈتكە چۆمۈپ، ئاندىن ئۆز ـ ئۆزىگە: «لەنكاۋلىقلارمۇ قورسىقىغا ئوبدان يېيەلەيدىغان بولىدۇ...» دەيتتى.

ئۇزاق مۇددەت ئوكۇل ئۇرۇلغانلىقتىن، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ سۇيۇقلۇق سۈمۈرۈشى ياخشى بولماي، كاسىسىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ھۆررەكلەر پەيدا بولدى. ئىششىغان گۆشكە ئوكۇل ماڭغۇزۇش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، ئوكۇلنى نەچچە قېتىم ئۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. جياۋ يۇلۇ ئاغرىق ئازابىدا تولغىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ سىپىسترالارنى ئىلھاملاندۇرۇپ:

— كېرەك يوق، ئالدىرىماڭ، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇڭ... — دەيتتى.

ئازوت ئوكسىدى بىلەن داۋالىغاندا كۆڭۈل بەك ئاينىش، قەي قىلىشلار ئۇنىڭ قەيسەرلىك بىلەن داۋالاشقا ماسلىشىشىنى توسۇپ قالالمىدى.

جياۋ يۈلۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقان كۈنلەردە لەنكاۋدىن نۇرغۇن يولداشلار ۋە ئامما جىڭجۇغا كېلىپ ئۇنى يوقلىدى. جياۋ يۈلۇ ئۇلارنى كۆرۈپ كېسەللىك ئەھۋالىنى تولىمۇ ئاز تىلغا ئالدى ۋە كەمتەرلىك بىلەن:

— كېلىپ - كېتىپ يۈرمەڭلار، خىزمىتىڭلارغا دەخلى يېتىدۇ، مەنمۇ خاتىرجەم بولالمايمەن! — دېدى.

جياۋ يۈلۇ ئۇلاردىن: «ئۈچ زىيانداش»نى يوقىتىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى قانراقراق؟ خۋاڭچاخې دەرياسىنى راۋانلاشتۇرۇش ئەھۋالى قانداق؟ جاڭجۇاڭ كەنتىدىكى قۇملۇق دۆڭلەرگە مەلھەم چاپلاندىمۇ، يىڭنە سانجىلدىمۇ؟ چىنجەي كەنتىدىكى زىرائەتلەرنى سۇ بېسىپ كەتمىگەندۇ؟ شورتاڭ يەرلەردىكى بۇغدايلارنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالى قانداق؟ لاۋخەنلىڭ كەنتىدە قانچىلىك پاۋلونىيە دەرىخى تىكىلدى؟ دېگەندەك تۈگىمەس سوئاللارنى سوراپ كەتتى.

جياۋ يۈلۇ بىر قېتىم تولا سوئال سوراپ بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن ھوشىدىن كەتتى. ئۇ ھوشىغا كېلىپ يېنىدا تۇرغان لىۋ جۇنشېڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— بايا چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە لەنكاۋدا بۇغدايدىن ھوسۇل ئېلىنىپتۇدەك. سىز بۇ قېتىم قايتقاندا چىنجەي كەنتىنىڭ

شورتاڭلىقىدا ئۆسكەن بۇغداينىڭ باشىقىنى بىرسىدىن ئەۋەتىۋېتىڭ، مەن كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

كىشىلەر يىغلاپ تۇرۇپ جياۋ يۇلۇغا لەنكاۋدىكى مول ھوسۇل مەنزىرىسىنى، غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بېرىشتى.

— يىغلىماڭلار! مەن ئۆلۈپ كەتمەيمەن. پارتىيە ۋە لەنكاۋ خەلقى ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىم بەك ئاز بولۇپ قالدى، — دەيتتى ئۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياساپ.

دوختۇرخانا جياۋ يۇلۇنىڭ كېسىلىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئىككى قېتىم ئۇقتۇرۇش چىقاردى. ئۆلكىلىك ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرى ئۇنى يوقلاپ دوختۇرخانىغا كېلىشتى. ئۇ ھوشىنى بىلمەي ياتاتتى.

شۇي جۇنيا ئېڭىشىپ تۇرۇپ بوش ئاۋازدا:

— يۇلۇ، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر سىزنى يوقلاپ كەپتۇ! — دەپ ئۇنى چاقىردى.

جياۋ يۇلۇ ھوشىغا كەلدى. قۇرغاقلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئېچىپ، گۆشى قېچىپ ئوتۇندەك بولۇپ قالغان قولىنى سۇنۇپ، رەھبەرلەر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا ئەدەپ بىلەن يېنىدىن ئورۇن بېرىپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۆلكىلىك ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرىگە ئۈنسىز تىكىپ، ئۇلاردىن ئۆزى ھېچقاچان سوراپ باقمىغان بىر سوئالنى سورىدى:

— تەشكىلنىڭ ماڭا ئوچۇق دېيىشىنى سورايمەن، كېسىلىم زادى ساقىيامدۇ - ساقايمامدۇ؟

ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم رەھبەرلىرى كۆڭلىنى ياساپ ئۇنىڭغا:

www.uyghurkitap.com

— سىز جان ـ دىل بىلەن پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىنى دەپ چارچاپ كېسەل بولۇپ يېقىلدىڭىز، پارتىيە پۈتۈن چارە ـ ئاماللارنى ئىشقا سېلىپ سىزنى داۋالاپ ساقايتىدۇ، — دېيىشتى.

جىياۋ يۈلۈ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاستا بېشىنى لىڭشىتىپ يەنە كۆزىنى يۇمدى.

جىياۋ يۈلۈدا ئۇدا ئۇزاققا سوزۇلغان بىھوشلۇق كۆرۈلگەندىن كېيىن، دوختۇرخانا كۈچ تەشكىللەپ ئۇنى كۆپ قېتىم جىددىي قۇتقۇزدى.

ئۆمرىنىڭ كۆپ قالمىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلغان جىياۋ يۈلۈ دوختۇر، سېستىرالارغا:

— ماڭا ئەمدى قىممەتلىك دورىلارنى ئىشلەتمەڭلار، دورىنى مېنىڭدىن بەكرەك ئېھتىياجلىق يولداشلارغا ئېلىپ قويۇڭلار، — دېدى.

كېسەللىك ئەھۋالى ۋە كىلىنىكىلىق ئالامەتلەر ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ خەۋپلىك باسقۇچقا بېرىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىرىدىن جاڭ جيەنمىن ۋە ۋاڭ شاڭمىڭ ئىككىيلەن جىياۋ يۈلۈنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ، ھەر ئىككىسى ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ۋە كۆز چاناقلىرىدا لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىنى زورىغا بېسىپ:

— يولداش يۈلۈ، پارتىيە تەشكىلى كېسىلىڭىزنى داۋالاش ئۈچۈن ئەڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى... لېكىن... دوختۇرخانا قويغان دىياگنوز نەتىجىسىدىن قارىغاندا، جىگەر كېسىلىڭىز ئاخىرقى باسقۇچقا يېتىپ، تېرە ئاستىغا كېڭىيىپ

كېتىپتۇ، ھازىر بۇنداق كېسەلنى داۋالاپ ساقايتىدىغان ياخشى ئۇسۇل يوق. ئاخىرەتلىك ئىشلىرىڭىز توغرۇلۇق قانداق تاپشۇرۇقلىرىڭىز بار، پارتىيەگە قانداق تەلىپىڭىز بار، تەشكىلگە دېيىشىڭىزنى سورايمىز، — دېيىشتى.

ھەممەيلەن جىمىپ كەتتى. كېسەلخانىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ نەپسى ۋە يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى. جياۋ يۇلۇ سۈكۈتكە چۆمدى. بۇ بىمالال ھەم تەمكىن سۈكۈت ئىدى. خېلىدىن كېيىن، جياۋ يۇلۇ گەۋدىسىنى قىمىرلىتىپ تەشكىلات بۆلۈمى باشلىقلىرىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ خاتىرجەم ھالدا:

— پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقىغا رەھمەت! مەن پارتىيە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىدىم، لەنكاۋ خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدىم، بۇنى ئويلىسام ئازابلىنىمەن... — دېدى.

ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا بۇ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ، ھاياجان ئارىلاش سەممىيلىك بىلەن:

— سىز لەنكاۋدا ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلدىڭىز. ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك پارتكوم سىزدىن تولىمۇ رازى. سىز پارتىيە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى قالتىس ياخشى ئورۇندىدىڭىز، سىز ھەقىقىي پارتىيە ئەزاسى بولۇشقا مۇناسىپ! — دېدى.

جياۋ يۇلۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆلۈمسىرىدى، ئۇ كالپۇكىنى مىدىرلىتىپ كۈچىنىپ تۇرۇپ:

— مەن ھايات چېغىمدا لەنكاۋدىكى قۇملۇق دۆڭلەرنى تىزگىنلەپ بولالمىدىم. ئۆلۈپ كېتىپ قالسام تەشكىل مېنى

www.uyghurkitap.com

لەنكاۋغا ئاپىرىپ.... قۇملۇق دۆڭگە كۆمۈپ قويسۇن... لەنكاۋ خەلقىنىڭ قۇملۇقنى قانداق تىزگىنلىگەنلىكىنى كۆرۈپ ياتاي... مەن... ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ماڭا كۆپ پۇل ئىشلەتمىسۇن، ئاشقان پۇلنى ياردەم ئورنىدا ئاپەت رايونىغا بەرسۇن... — سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ بېشى بىر ياققا قىيسىيىپ ھوشىدىن كەتتى.

«ئەزىمەتكە ھاجەت ئەمەس ھەيكەل تۇرغۇزۇش، ئەلا مەڭگۈ ناخشىلاردا يادلىنىپ تۇرۇش !»

1964 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سائەت توققۇزدىن قىرىق بەش مىنۇت ئۆتكەندە ماۋ جۇشىنىڭ ياخشى شاگىرتى، لەنكاۋ خەلقىنىڭ ياخشى ئوغلانى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ ئۈلگىسى — جياۋ يۈلۇ مىڭلىغان ئادەملەرنى داغدا قويۇپ، تۈمەنلىگەن ئادەملەرنىڭ قايغۇلۇق يىغا ـ زارىسى ئىچىدە نەپەستىن توختىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ھاۋا ئوچۇق ئىدى، باش يازنىڭ سالقىن شامىلى چەكسىز كەتكەن پاۋلونىيە دەرەخلىرىنى سىيپاپ ئۆتەتتى، ئورمانلىقتىكى قۇشلار شامال ساداسىغا جور بولۇپ، چوڭقۇر مۇھەببەتكە تولغان ناخشىسىنى باشلىدى:

پاۋلونىيە دەرەخلىرىنىڭ ياپراقلىرى ياپيېشىل،
شۇ دەرەخنى كۆرسەك سىزنى ئەسكە ئالىمىز...

قايغۇلۇق خەۋەر لەنكاۋغا يېتىپ بارغاندا، كىشىلەر چەكسىز ھەسرەت ئىچىدە ئۇن سېلىپ يىغلىشىپ كەتتى. كەنت ئاياللىرى مۇنبەت تۇپراقنى ئۇرۇپ تۇرۇپ كۆزى يوق تەڭرىنى قارغاشتى،

مومايىنى ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆيدىن، كېسەلنى ئوت ـ چۆپ دۆۋىسى ئارىسىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان ئاق كۆڭۈل كىشىنى ئەسلەشتى. ئۇ كۆۋرۈك سالغان، يول ياسىغان، قومنى تىزگىنلىگەن، دەريانى راۋانلاشتۇرغان، لەنكاۋ خەلقىنى داغدام يولغا باشلىغان ئادەم ئىدى!

ئىككى يىلدىن كېيىن، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان مۇنۇ ناخشا ۋەتەن زېمىنى ئاسمىنىدا ياڭرىدى:

قانات قېقىپ شىمالغا ئۇچقان تۇرنىلار،
ماۋ جۇشىغا خەت يازدۇق، ئالغاچ كېتىڭلار.
شورتاڭلىقتا بەك ئوخشىدى ھەممە زىرائەت،
جىاۋ يۇلۇ قەلبىمىزدە ھايات ئەبەدىلئەبەد.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەنچاڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社 2009 年 9 月第 1 版, 2009 年 9 月南昌第 1 次印刷本翻译出版。

# جياۋ يۈلۇ

تەرجىمە قىلغۇچى: ياسىن سېيىت ئارچىن
مەسئۇل مۇھەررىرى: توختى تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلشەھەر نىغمەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991 － 2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ يىبەيفېڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5.75
نەشرى: 2012 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2012 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1－3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 － 7 － 228 － 15588 － 0
باھاسى: 14.00 يۈەن

# ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

جياۋ يۇلۇ
لىيۇ خۇلەن
ۋاڭ جىنشى
بېتيۇن
شى چۇەنشياڭ
خۇاڭ جىگۇاڭ
دېڭ جياشيەن
لېي فېڭ
جاڭ بىڭگۈي
لىيۇ جىدەن
كۇڭ فەنسېن
بەكرى قايىر
رېن چاڭشيا
كىچىك پارتىزان
يۈەن لوڭپىڭ
قىزىل ئارمىيەنى ئىزدەش
جاڭ خەيدى
لاڭيا تېغىدىكى بەش قەھرىمان
چيۇ شاۋيۈن
شاكىچىك تۆمۈريول پارتىزانلىرى
فاڭ جىمىن
ئۆلمەس ۋاڭ شياۋخې
دۇڭ سۇنرۇي
شياۋخېيما ھەققىدە ھېكايە
جياڭ ھەدە
8 - ئارمىيەنىڭ ئىككى كىچىك جەڭچىسى
شياۋ جىنما
چويۇنباشنىڭ ئات بۇلاپ جەڭگە ئاتلىنىشى
جاۋ يىمەن

ISBN 978-7-228-15588-0
9 787228 155880 >
定价：14.00 元